بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا




# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

1

1997

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







△ شنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكـ-
كۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغاندا، ئىسـ-
لام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆ-
مەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتـ-
كۈزۈپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

◁ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى
7-قارارلىق ئاخۇنلار كۇرسىنىڭ
ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا
كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش
دوكلاتى بەرمەكتە.



ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىرى نوئمان ما
شيەن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنـ-
فۇ، شەمشىدىن ھاجى ۋە مۇئاۋىن
باش كاتىپ مالىك مىيانلار جەمـ-
ئىيەتنى زىيارەت قىلغان دىنىي
زاتلار بىلەن سۆھبەتتە.

# «قۇرئان كەرىم»دىن




”(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىردىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلار. كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى (يەنى نامە-ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز“ (21-سۈرە، 92-،93-،94-ئايەتلەر).

(خەتتات: سالىھ)

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

### ئىسلام تەتقىقاتى

ئىسلام دىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە
............... ئىبراھىم فېڭ جىڭيۈەن (4)

ئاخۇنلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە رولى ............................ ئايۇپ (10)

ئۈمىد ئاخۇنلاردا .................... لىۋ جېن (13)

### ۋەز-تەبلىغ

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق
................................ جاڭ خۇڭچۈن (17)

ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا
.................................. مۇ خۇافېن (22)

### مۇسۇلمانلار پەزىلىتى

مۇسۇلمانلار كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ........................... جاڭ چيەن (27)

### ياش ئالىملىرىمىز

يەنىمۇ ئۆرلە، تەڭرىتاغ ئوغلى
—دوكتور ئاشتى خالمۇرات غۇپۇرنى زىيارەت
.................................. تاشقىن (29)

### تۆھپىكار دىنىي زاتلار

نامراتلارنىڭ يۆلەنچۈكى، يېتىملارنىڭ ئاتىسى
............................... ياقۇپ ھاجى (36)

بېيىش يولىدىكى باشلامچى ··· سايرا يۈسۈپ (39)

دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى ······ ياقۇپ ھاجى (39)

پەيزىۋات ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى
............................ ياقۇپ ھاجى (40)

مەرىپەتلەر ۋە ساخاۋەتلىك دىنىي زات
............................ ياقۇپ ھاجى (40)

### بىلىم گۈلزارى

مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ رەتلىنىشى
.......................... ئۆمەرجان مۇھەممەت (43)

سەككىز ياشلىق قارىي قىز ······ مەھمۇدى (45)

### مەسچىت-جامەلەر

بۇگۇر ناھىيە يېڭىسار يېزىسىدا يېڭىدىن سېلىنغان جامە مەسچىتى ········ تويغۇن ئابدۇرەھىم (47)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشت ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: يۇلتۇز ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053 تېلېفون: 63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ
تېلېفون:2865729 پوچتا نومۇرى: 830001

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提·瓦依提
技术编辑：星星
封面设计：艾 力
激光照排：民族出版社民文排版部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053　电话：63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
电话：2865729 邮政编码：830001

## مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن

نەزىر-چىراغ ھەققىدىن خەير-ساخاۋەت ...... ھاجى مەھمۇدى (48)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ، خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى ...... ئىمادىددىن (49)

شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى ...... مەھمۇدى (49)

ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى ...... سۈي جۇنجې (49)

ئاقسۇ كونىشەھەردە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى ...... دايىم داۋۇت (50)

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا ...... ياقۇپ ھاجى (50)

## خەۋەرلەر

جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ 7-قارارلىق ئاخۇنلار كۇرسى ئوقۇش تاماملىدى ...... مەھمۇدى (53)

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش مەركىزىي بىناسى پۈتتى ...... ياقۇپ ھاجى (54)

بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 2-قېتىملىق «قوش بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى ...... ئەكبەر ئابلىمىت (54)

تۇرپان ۋىلايىتى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى ...... شاھمەردان (55)

سانجى ئوبلاستىدا دىنىي خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە "بەشتە ياخشى" مەسچىت، دىنىي سورۇنلار مۇكاپاتلاندى ...... ئابلىمىت قۇربان ھاجى (56)

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ...... دايىم داۋۇت (57)

قورغاس ناھىيىلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارار تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى ...... ئۆمەر مافاڭ (58)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

قەشقەر ۋىلايىتى 1997-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى ...... ياقۇپ ھاجى (60)

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە ...... ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى (60)

پىچان ناھىيىسىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئاكتىپ مۇشتەرى بولماقتا ...... ئەمەت ئېزىز، غوپۇر مەتنىياز (61)

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى ...... دايىم داۋۇت (61)

ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە ...... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (62)

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ...... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتى.


**★ 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئىبراھىم فېڭ جىڭيۇەن

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى بارغانسېرى قوزغىماقتا، بۇنداق بولۇشقا تامامەن تېگىشلىك. ئەمەلىيەتتە، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — ئەخلاق. شۇڭا، هازىرقى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئەخلاقنى يۈكسەلدۈرۈش، ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزغىن نۇقتا بولۇپ قالدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۈرلۈك تەرەپلەردىن كۆپ خىل ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قانداق قىلغاندا ئىسلام ئەخلاقىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى نامايان قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ قالدى.

**ئىسلام ئەخلاقىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى نامايان قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تامامەن پايدىلىق.**

ئالدى بىلەن، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، سوتسىيالىزمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بىز هازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈمىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىگە بۇرۇلۇۋاتىمىز، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىمۇ يېرىم يېكىنمە هالەتتىكى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن ئېچىۋېتىلگەن زامانىۋىلاشقان سانائەت جەمئىيىتىگە بۇرۇلۇۋاتىدۇ. مانا بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ هازىرقى ئەمەلىيىتى. بىز قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان، پىلان تۈزگەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، چوقۇم مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىمىز كېرەك.

بازار ئىگىلىكى تۈزۈمى شارائىتىدا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق-مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئەلۋەتتە، سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇشنى ئاساسىي رىتىم قىلىش كېرەك، بۇ، شەك-شۈبھىسىزدۇر. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىك بەربىر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكى سودىلاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەر سودىدا، كىشىلەرنىڭ ئۆز خوجىلىقى ۋە مۇستەقىللىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئەركىنلىك، ئادىللىق ۋە هوقۇق قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شەخسلىككە هۆرمەت قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىغا ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىگە، ئەمەلىي ئىش قىلىش روھىغا

ئىلھام بېرىدۇ، بۇ، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئەدەب-ئەخلاق قۇرۇلمىسىدا كەم بولغان ئامىللاردۇر. مانا بۇ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بازار ئىگىلىكى تۈزۈمى تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، بازار ئىگىلىكى پەيدا قىلغان مەنپەئەتپەرەسلىك قىممىتى ناموۋاپىق ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ھامان، شەخس ئەلا، پۇل ئەلا، مەنپەئەت ئەلا دەيدىغان غەيرىي ئەخلاقىي ھادىسىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مانا بۇلار مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: بىرىنچى، بەزى ئەنئەنىۋى ئەخلاق قىممىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەدەب-ئەخلاقتا قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئىككىنچى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق بايلىقى، ئىنقىلابىي ئەنئەنىۋى ئەخلاق بايلىقى، جۇملىدىن دىنىي ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يېڭىدىن نامايان قىلىشقا ۋە يېڭىلاشقا، بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەب-ئەخلاق سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلام ئەخلاقى دەل مۇشۇنداق ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان بىر خىل ئەخلاق بايلىقىدۇر.

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ئون ئاز سانلىق مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 47 يىلدىن بېرى، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، 18 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى يولغا قويىدىغان دىنىي ئىشقا ئايلىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، توغرا سىياسىي-ئىدىيە ۋە گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار تەبىئىي ۋە ھەقلىق ھالدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى بويىچە، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ كەلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى يارىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش تارىخىنى ياراتماقتا، ئاڭلىق ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاقىنى تەرتىپكە سېلىپ، دەۋر بىلەن بىللە ئىلگىرىلىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرماقتا.

**ئىسلام ئەخلاقىدا، ھەقىقەتەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن توقۇنۇشمايدىغان نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللار بار.**

ئىجتىمائىي جامائەت ئەخلاقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئەخلاقىدا ئىنسانىيەتكە ئومۇميۈزلۈك ماس كېلىدىغان نۇرغۇن ئامىل بار. مەسىلەن، ئۇ تىنچلىقنى، ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ۋەتەننى سۆيۈشنى، كوللېكتىپنى سۆيۈشنى تەكىتلەيدۇ؛ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كىشىلەرگە كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇ؛ چىدامىلىق، قەيسەر، سادىق، سەمە-
مىي، ئەپۇ قىلغۇچى، كەمتەر-ئېھتىياتچان،
ئاتاق-ئابرويغا قىزىقمايدىغان بولۇشنى، غايە-
لىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزام-
چان، ئەدەبلىك ئادەم بولۇشنى تەشەببۇس قى-
لىدۇ، ئىتتىپاق بولۇش، بىر-بىرىنى ھۆر-
مەتلەش، ئەسكىلەردىن يىراق بولۇپ، دا-
نىشمەنلەرگە يېقىنلىشىش، ساۋابلىق ئىش-
لارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇ-
رۇش، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش، كوللېكتىپ
مەسئۇلىيەتچانلىقى بولۇش، ياشانغانلارنى
ھۆرمەتلەپ، ياشلارنى ئاسراش، يېتىم-يې-
سىر، ئىگە-چاقىسىزلارغا خەيرىخاھلىق قى-
لىش، يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ،
خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇپ
قېلىشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى تەكىتلەي-
دۇ؛ كىشىلەرنى خېيىم-خەتەردىن، ئوڭۇش-
سىزلىقلاردىن قورقمايدىغان بولۇشقا، ئۆزى-
نى يېڭەلەيدىغان، قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدى-
غان، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىن-
تىلىدىغان ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ؛ ئۇ شال-
لاقلىققا، تەپتارتماسلىققا، خالىغانچە ئەسكى-
لىك قىلىشقا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا، ئاچ-
كۆزلۈككە، يالغان ئېيتىپ ئادەم ئالداشقا،
كىشىلەرنى قارا چاپلاپ بالاغا تىقىشقا، ھە-
سەتخورلۇق بىلەن قىزغىنچاقلىق قىلىشقا،
ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، خىيانەتچىلىك
ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا، پاھىشىۋازلىق ۋە بۇ-
لاڭ-تالاڭ قىلىشقا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى
بوزەك قىلىشقا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلارغا
قارشى تۇرىدۇ. مانا بۇنداق ئومۇمىي ئەخلاق
ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدا تەبىئىي ھالدا
شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى دەۋرلەر-
دىكى بارلىق مەملىكەت، رايون ۋە مىللەتلەر-
گە ئۇيغۇن كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك جەم-
ئىيىتىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.
خۇددى كىشىلەر كۈن نۇرى، ھاۋا، سۇ ۋە
ئاشلىققا موھتاج بولغاندەك، ھەرقانداق بىر
جەمئىيەتمۇ مۇشۇنداق جامائەت ئەخلاقىغا
موھتاج.

ئىجتىمائىي كەسىپ ئەخلاقىدىن ئېلىپ
قارىغاندا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تىرىش-
چانلىق بىلەن ئىشلەشكە، ئۆز ۋەزىپىسىنى
تولۇق ئورۇنداشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ ھوقۇقدار-
لاردىن خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەشنى، قانۇن-
نى ئادىل ئىجرا قىلىشنى، باشقىلارغا يۈز-
خاتىر قىلماسلىقنى، پاك بولۇشنى، چىرىك-
لىشىش ۋە پارىخورلۇققا يېقىن يولىماسلىقنى
تەلەپ قىلىدۇ؛ پۇقرالاردىن ۋەتەننى سۆ-
يۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىشنى، باش بولغۇچى-
لارغا بويسۇنۇشنى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكار-
لىشىشنى، ئىناق ئۆتۈشنى، جەمئىيەت،
مىللەت، كوللېكتىپ، ۋەتەن ۋە ئىنسانلارغا
ئىجابىي ۋە پايدىلىق تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ؛ ھۈنەرۋەنلەردىن ھۈنەرگە كامىل
بولۇشنى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەشنى تە-
لەپ قىلىدۇ؛ دېھقانلاردىن تېرىلغۇ ئىشلىرى-
نى تۆجىپىلەپ ئىشلەشنى، باجنى تولۇق تاپ-
شۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئەسكەرلەردىن با-
تۇر-قەيسەر بولۇشنى، ۋەتەننى قوغداپ،
خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى، تەرتىپ-ئىنتى-
زامدا قاتتىق بولۇشنى، ئەسىرلەرنى خارلى-
ماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئې-
لىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسلام
دىنى ئەزەلدىن تارتىپ سودا، ئىقتىساد ئىش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ،
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قاتار
سودا-سېتىق ئەخلاقلىرىنى — خېرىدارلارغا
راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، سودا-
سېتىقتا ئادىل بولۇش، ھەددى-ھېسابسىز
پايدىغا بېرىلمەسلىك، كۆز بوياقچىلىق قىل-
ماسلىق، جىڭ-تارازىدا كەم بەرمەسلىك، بې-

سىمدارلىق قىلماسلىق، باج-سېلىقنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرۇش، پۇل-ماللىرى كۆپەيسە سەدىقە بېرىشكە ئوخشاش ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئائىلە ئەدەب-ئەخلاقىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى ئاتا مېھرىبان، بالا ۋاپادار بولۇشنى، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشنى، قېرىنداشلار بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىلاردىن پەرزەنتلەرگە مېھرىبان بولۇشنى، تۇغۇلغانلارنى ئوخشاش تەربىيىلەشنى، ئوغۇل تۇغۇلسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغۇلسا ھەسرەت چەكمەسلىكنى، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ياخشى سۆز-ياخشى ھەرىكەت بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى، ئاتا-ئانىغا يامان سۆز-يامان ھەرىكەت بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقنى، ئۇلارغا يېقىملىق ۋە ئەدەبلىك پوزىتسىيىدە بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىچىگە ۋە قېيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئەرلەردىن خوتۇنلىرىنى ئاسراشنى، ئۇلارغا باراۋەرلىكتە مۇئامىلە قىلىشنى، ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشنى، خوتۇن-بالىلىرىنى بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ خوتۇنلاردىن ئۆزىنى ئېپپەتلىك-دۇرۇس تۇتۇشنى، خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشنى، ئەرلىرىگە كۆيۈنۈشنى، دىلدار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئەيش-ئىشرەتكە قارشى تۇرىدۇ، ئۈچ ئەۋلاد قانداشلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇغقانلىقنى ئىلھاملاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ھەققانىيەت يولىدا قوۋم-قېرىنداشلىرىغىمۇ يۈز-خاتىر قىلماسلىق ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئاتا-ئانا بولسۇن، پەرزەنتلەر بولسۇن، ئەر-خوتۇن بولسۇن، ئاكا-ئۇكا بولسۇن، ھەققانىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىغانلار بولسا، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ئۇلارغا ئۆز قىلمىشىنى تۈزىتىپ، توغرا يولغا مېڭىش، يامانلىقنى تاشلاپ، ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت بېرىشى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ھەققانىيەتنى يوقىتىپ قويىماسلىقى، بىر ئېقىمدا بۇلغىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. مانا بۇ، ئىسلام دىنى ھەققانىيەت قارىشىنىڭ ئائىلە ئەدەب-ئەخلاقىدا تېپىك گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك ئەخلاق قارىشى مىڭلىغان يىللاردىن بۇيانقى بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قېلىپقا سېلىپ كەلدى، بۈگۈنكى قاراش بىلەن نەزەر سالغاندىمۇ، ئۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بۇ ئىنسانلارغا ئومۇميۈزلۈك مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەقەللىي، ئاساسىي ئەخلاق قارىشىدۇر. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشىگە، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

**ئادەتتىكى دەھرى ئەخلاقتىن پەرقلەنگەن ھالدا، ئىسلام ئەخلاقى دىنىي ئەخلاق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش ئەھمىيىتىگە ئىگە.**

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئېتىقادلىشىشى ئەخلاقىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى كۈچەيتتى. بۇ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. ئىس-

www.uyghurkitap.com

لام دىنىنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئامىلى بار: ئى-
مان، ئىبادەت، ئېھسان. بۇنىڭ ئىچىدە ئى-
مان بولسا يادرو، ئىبادەت بولسا يول، ئېھ-
سان بولسا مەقسەت. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەم-
بىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دې-
گەندى: ”مېنىڭ ۋەزىپەم ئىنسانلارنىڭ
ئەخلاقىنى كامالىغا يەتكۈزۈشتىنلا
ئىبارەت.“

ئىسلام دىنى ئىمان بىلەن قىلمىشنىڭ
بىرلىكىنى ئىنتايىن بەك تەكىتلەيدۇ. ئۇ-
نىڭدىكى يادرولۇق ئىمان ”ئاللاغا ئىمان كەل-
تۈرۈش“ بولۇپ، ئۇ كىشىلەردىن ”ئاللانىڭ
بىرلىكىنى تونۇماق“نىلا تەلەپ قىلىپ قال-
ماي، بەلكى ”ئاللانىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى
بىلىش“نىمۇ، ئاللانىڭ ئادىللىق بىلەن ياخ-
شىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالايدىغان-
لىقىغا، مۇكاپاتلاش ياكى جازالاشتا ھەربىر
ئادەمنىڭ ئەتمىشىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىغا
قەتئىي ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىمان
ئېيتقان ۋە ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرلا ئىس-
مى-جىسمىغا لايىق مۇسۇلمانلاردۇر؛ ئۇنداق
بولماي، ئاغزىدىلا ئۆزىنى مۆمىن دەپ، ياخ-
شى ئىش قىلمىسا، ھەقىقىي مۆمىن دېگىلى
بولمايدۇ. شۇڭا، ”دىلىدا قەتئىي ئىشى-
نىش، ئاغزىدا ئېتىراپ قىلىش، ئەمەلدە
كۆرسىتىش“نىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ،
دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇ-
رىدۇكى، بەندە ئۆزىنىڭ ئاللا بىلەن باغلىنى-
شىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئال-
لادىن قورقۇشى، ئاللاغا بويسۇنۇشى، ئاللا
رازى بولىدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشى،
ئاللا غەزەبلىنىدىغان يامان ئىشلاردىن يىراق
بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئا-
دەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ
قىلىپ، ئەخلاق-پەزىلەتتە ئالىيجاناب ئادەم
بولۇشى لازىم.

ئىسلام دىنى كىشىلەردىن ”ئاخىرەتكە
ئىمان كەلتۈرۈش“نى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن
بۇ دۇنيادىن يەڭگىللىك بىلەن ۋاز كېچىشكە
ھەرگىز يول قويمايدۇ، ياخشى ئىش قى-
لىپ، توختىماستىن بۇ دۇنيادا تىرىكچىلىك
قىلىشنى، بۇ دۇنيادىمۇ بەخت-سائادەتلىك
بولۇشقا ئىنتىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دى-
نى بۇ دۇنيالىق ھاياتنىڭ قىممىتىگە ئەھمى-
يەت بېرىدۇ، ئەمما ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ،
ھىدايەت، ھەقىقەت، ئادالەت يولىدا ئۆلۈشنى
ھەقلىق دەپ ھېسابلايدۇ؛ شۇڭا ئۇ ھاياتنىڭ
مەڭگۈلۈك قىممىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بې-
رىپ، روھنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكىگە ئىشىنى-
دۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىلەردىن پاك
ئېتىقاد، غايە، مۇددىئانى دىلىدا تۇتۇپ، قات-
تىق ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ، ھىدايەت-
نى بەجا كەلتۈرۈپ، ساۋابلىققا يۈزلىنىپ،
يامانلىقتىن ساقلىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ،
ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئۆستۈ-
رۈپ، ھەقىقىي ”ئىككى دۇنيالىق بەخت-سا-
ئادەت“كە ئېرىشىشنى، ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈكى
ۋە روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئېتىقاد، غايە، ئىنتىلىش
ۋە ئەخلاقنى مۇشۇنداق زىچ بىرلەشتۈرىدۇ؛
ئۆزىنىڭ ئېتىقاد قارىشى، ئىككى دۇنيالىق
قارىشى، ساۋابلىق قارىشىنى زىچ بىرلەشتۈ-
رىدۇ؛ ئەخلاق قېلىپىنى تەرغىپ قىلىشنى
كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە
بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشى بىلەن، ئاخىرەت-
لىك بەخت-سائادەتكە بولغان غايىۋى ئىنتىلى-
شى بىلەن، ھاياتلىق قىممىتىگە بولغان مەڭ-
گۈلۈك ئىنتىلىشى بىلەن چەمبەرچەس بىر-
لەشتۈرىدۇ. بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇ-
سۇلمانلار ئىچىدە ھاسىل قىلغان ئەخلاقىي

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرى-
جىدە غايەت زور بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا بولغان ئەخلاقىي
تۈرتكىسى، روشەنكى، ئادەتتىكى ئەخلاق
تەشۋىقاتىغا قارىغاندا، تېخىمۇ قۇدرەتلىك
دىل زىلزىلىسىگە ئىگە. چىنلىق، ياخشى-
لىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانلارنىڭ
ئورتاق غايىسى ۋە ئارزۇسى. رېئاللىقتىكى
مۇكەممەلسىزلىك ۋە ساختىلىق، ئەسكى-
لىك، رەزىللىك ھادىسىلىرىنىڭ ساقلىنىشى
ئىنسانلارنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشى بىلەن
كۈچلۈك قارىمۇقارشىلىقنىڭ شەكىللەندۈرى-
دۇ. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد ئىنسانلارنىڭ ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ
قالغان. ئىسلام دىنى ئەنە شۇنداق دىن. ئۇ
مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى تەشنالىق ۋە ئار-
زۇ-تىلەكنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى
ئېتىقاد بىلەن پاكلاشتۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا، ئۇلاردىن قەتئىي ئېتىقاد بىلەن
ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىگىلەشنى؛
توختىماي ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىز-
دەشنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چىنلىق،
ياخشىلىق، گۈزەللىكنى ئىزدەشنىمۇ تەلەپ
قىلىدۇ. ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ دىلىدا ئۆزىنى
كونترول قىلىدىغان بىر خىل قۇدرەتلىك
مېخانىزمنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ
ئىش-ھەرىكىتىگە قارىتا چوڭقۇر قاتلاملىق
تىزگىنلەش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ
ئارقىلىق ئەخلاقنى كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭ-
قۇر قاتلىمىدا غايەت زور نوپۇزغا ئىگە قىل-
غان. مانا بۇ مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان،
ئىسلام ئەخلاقىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭلىق رى-
ئايە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم
سەۋەبىدۇر.

**ئىسلام ئەخلاقىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە سىستېمىلىشىشى ئۇنى ئىنتايىن كۈچلۈك پائالىيەتچانلىققا ئىگە قىلغان.**

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر قىسمى بول-
غان ئىسلام ئەخلاقىي "ئىسلامىيەت يىلتىزى"
بولۇپ قېلىپلىشىپ قالدى، مۇسۇلمانلار
"كىشىنى ساۋابلىق قىلىشقا دەۋەت قىل،
ئەسكىلىكتىن توس، يامانلىقتىن قاچ، ياخ-
شىلىققا يېقىنلاش" دېگەن ئەخلاق بويىچە ئۇ-
زۇن قايتا-قايتا تەلەپ قويۇپ، باشقىلارغا
تەربىيە بەردى ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە
كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئىسلام
دىنىنىڭ بەش پەرز ۋە ئەمرىمەرۇپلىرىمۇ ئە-
دەب قىممىتىگە ئىگە بولماي قالمىدى. كۆپ-
لىگەن ئىجتىمائىي ئەدەب-ئەخلاقلار بەش پەرز
ۋە ئەمررىمەرۇپلەرنىڭ تۈگىنى بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن مۇھىم ئامىل بولۇپ تەكىتلە-
نىش ۋە ئىجرا قىلىنىش بىلەن ئىنتايىن
كۈچلۈك پائالىيەتچانلىققا ئىگە بولدى. بۇ
ئەدەب-ئەخلاقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇسۇل-
مانلار ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە بولدى؛
بۇ ئەخلاق-قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش، بەش
پەرزنى بەجا كەلتۈرۈشمۇ مۇسۇلمانلار ئاللا-
نىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان "جەننەت يولى"
بولۇپ قالدى. ھەر قېتىملىق نامازدىن بۇ-
رۇن غۇسۇل قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىشمۇ
دىلنى پاكلاشتۇرۇش، ئوي-پىكرنى تازىلاش-
تەك ئەخلاق مەزمۇنىغا ئىگە بولدى؛ ھەربىر
ناماز ۋە روزا تۇتۇشمۇ گۇناھنى يۇيىدىغان،
ئىماننى كۈچەيتىپ دىلنى يورۇتىدىغان، ئى-
رادىنى چېنىقتۇرىدىغان ئەخلاق ئىقتىدارىغا
ئىگە بولدى؛ ھەتتا ئاق بۆك كىيىش، يېشىل
رەڭنى ياخشى كۆرۈشكىمۇ پاكلىق، تىنچلىق
دېگەندەك ئەخلاق مەنىسى ئاتا قىلىندى. مۇ-
شۇنداق قېلىپلاشتۇرۇلغان، رەتلەشتۈرۈل-
گەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان ئەخلاق شارائى-

www.uyghurkitap.com

تىدا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى-
نى ھەممە ۋاقىت تەكشۈرۈپ، ھەرىكەت ئۆل-
چىمىنى توغرىلاپ، سەۋەنلىكنى ئۆز ۋاقتىدا
تۈزىتىپ ساۋابلىق يولىغا ماڭىدىغان بولدى.
بۈگۈنكى كۈندە بىز، سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يولى
ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىۋاتىمىز. بىر قى-
سىم جايلارنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا،
جۇڭگودىكى ئائىلە باشلىقلىرى نۆۋەتتە ئۆز
پەرزەنتلىرىگە ”مۇستەقىل بولۇش“، ”قەي-
سەر بولۇش“، ”بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش“
دېگەنگە ئوخشاش يەككە قىممەت قارىشىنى
ئەڭ كۆپ سىڭدۈرىدىكەن، ۋەھالەنكى، ”-
مەسئۇلىيەتچانلىق“، ”كەڭ قورساقلىق“،
”باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش“، ”سادىق-
لىق“قا ئوخشاش كىشىلىك مۇناسىۋىتى قىم-
مىتىگە ئىنتايىن سەل قارايدىكەن. پۈتۈن يەر
شارى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇنداق يەككە
قىممەت قارىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى
جۇڭگونىڭ شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە يەر شا-
رى بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ،
شىمالىي ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىن كۆپ
دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىكەن؛ ”مەسئۇ-
لىيەتچانلىق“، ”ساداقەتلىك“، ”بويسۇن-
ۇش“، ”ئېتىقادلىق بولۇش“، ”تەسەۋۋۇر-
چان بولۇش“قا ئوخشاش قىممەت قارىشىنىڭ
ئېتىراپ قىلىنىش نىسبىتىدە جۇڭگو پۈتۈن
يەر شارى بويىچە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرى-
دىكەن. مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق دەپ قاراي-
دۇكى، بۇنداق قىممەت قارىشى سىستېمىسى
كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ 21-ئەسىردىكى يېڭى-
لىق خاراكتېرى، ھەمكارلىق ئىقتىدارى،
كوللېكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلا-
شتۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سوتسىيا-
لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇرۇش ۋاقتىدا
ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق چەكلىمىلىكى ۋە پا-
ئالىيەتچانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ
سەۋەبىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش بىرمۇنچە
جەھەتلەردە ئەينەك قىلىش ياكى پايدىلى-
نىش، ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە
بولالايدۇ.

(ئاپتور جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن.)

# ئاخۇنلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە رولى

**ئايۇپ**

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن ئىن-
سانىيەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى،
ئاللاتائالانىڭ بەندىسى، ئاللاتائالا ئالدىدا
ھەممە ئادەم باپباراۋەر، ھېچقانداق ئىمتىياز-
لىق ئادەم ۋە ئىمتىيازلىق تەبىقە بولمايدۇ.
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ:
”مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاددىي بەندىمەن“
دەپ كۆپ قېتىم ئۇقتۇرغان. مانا بۇ ئىسلام
دىنىنىڭ ئىنسانلار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس
قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەرقان-
داق ئادەم ئالىي، تۆۋەن، ئېسىل، پەس دې-
گەن پەرق بىلەن تۇغۇلمايدۇ، بەلكى كىشى-
لىك ھاياتى داۋامىدا تۈرلۈك-تۈمەن سەرگۈ-
زەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي
شۇ ئادەمنىڭ ئۆز مەشغۇلاتىنىڭ نەتىجىسى.
شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكى-

تىگە جاۋابكار بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئەمگە-
كىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، نېمە
تېرىسا شۇنى ئالىدۇ، قانچىلىك تېرىسا شۇن-
چىلىك ئالىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ تالانتى، ئە-
قىل-پاراستى، بىلىم سەۋىيىسى، خۇلق-پە-
زىلىتى، ئىقتىدارى قاتارلىقلار ئوخشاش بول-
مايدۇ، بەزىلەر بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ۋە
ئەخلاق-پەزىلەتلىك كېلىدۇ؛ بەزىلەر بىلىم-
سىز، نادان، ئەخلاقسىز كېلىدۇ؛ بەزىلەر
ئاللانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن چەكسىز مىننەت-
دار بولىدۇ، ئاللا يولىدا ھېچنېمىسىنى ئايى-
مايدۇ؛ بەزىلەر ۋاپاغا جاپا قىلىپ ھېچ ئىشنى
باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ؛ بەزىلەر ئاۋامغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ، ھەممىگە ئېتىبار بىلەن مۇئامى-
لە قىلىدۇ؛ بەزىلەر شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا
كۆزلەيدىغان، پايدىغا جان تىكىدىغان كېلى-
دۇ؛ بەزىلەر ناھايىتى زېرەك، قالتىس پەم-
لىك كېلىدۇ؛ بەزىلەر دۆت، كالۋا، بىپەرۋا
كېلىدۇ، ...دېمەك، خىلمۇخىل ئادەملەر،
رەڭگارەڭ كەسىپلەر ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىپ
تۇرىدىغان مۇرەككەپ، چىگىش جەمئىيەتنى
شەكىللەندۇرگەن، مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت-
نى نورمال ئىلگىرىلەيدىغان، ماس ھالەتتە
راۋاجلىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي يې-
تەكچى رول ئوينايدىغان بىر يادرو بولۇشى
لازىم. شۇنىڭدەك، خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ
ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئورتاق ئالغا بېسىشى
ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئوينايدىغان بىر
باشلامچى زات بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمانلار
ئاللاتائالانىڭ بۇ زېمىندىكى ”ئىش بېجىرگۈ-
چىسى“ بولغاچقا، دىنىي ئەھكاملاردىن تولۇق
خەۋەردار، ئەلفىقھى (شەرىئەت قانۇنلىرى)
نى پىششىق بىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى پارا-
ۋانلىققا ۋە باياشاتلىققا يېتەكلەپ ماڭالايدىغان
ئادەملەرنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ موھتاج، بۇ
ئادەملەر دەل ”ئىمام“، ”ئۆلىما“لار يەنى
بىزنىڭ ئاخۇنلىرىمىزدۇر.

ئاخۇنلار ئادەتتە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدىكىدەك، پەقەت سۈرە-ئايەتلەرنىلا ئو-
قۇيدىغان، ئىمامەتچىلىكلا قىلىدىغان، مۇ-
سۇلمانلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم
ئىشلىرىنىلا باشقۇرىدىغان ”دىنىي خادىم“لا
بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مېنىڭچە، ئا-
خۇنلارنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسى مۇشۇلار بى-
لەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئاخۇنلار ئالىم،
ئىمام، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلامچىسى بولۇشى
كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە ئاخۇن،
ئالىملارنىڭ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى ھەم ۋە-
زىپىسىمۇ ناھايىتى مۇشكۇل. «قۇرئان كە-
رىم» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ”ئاللا-
نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئا-
لىملارلا قورقىدۇ“ (35-سۈرە،
28-ئايەت). سەۋەب شۇكى، ئالىملار ئاللا-
نىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى ۋە قۇدرىتىنى
ئادەتتىكى كىشىلەردىنمۇ بەكرەك چۈشىنى-
دۇ. ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللادىن قور-
قۇش بىلىملىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ،
شۇڭا «قۇرئان كەرىم» دە: ”بىلىدىغانلار بى-
لەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟“ (39-
سۈرە، 9-ئايەت) دەپ ياندۇرۇپ سوئال قو-
يۇلغان. خۇددى كۆزى روشەنلەر بىلەن ئەما-
لار، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوخشاش
بولمىغاندەك، بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىز-
لەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»
دە: ”ئاللا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە
ئىلىمگە بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقى-
رى كۆتۈرىدۇ، ئاللا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان
ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار“ (58-سۈرە،
11-ئايەت) دەپ كۆرسىتىلىدۇ. مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالاممۇ: ”ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ
ۋارىسلىرىدۇر“، ”ئالىملارنىڭ سىياھى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىممەت جەھەتتە، شىھىتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ»، «ئاسماندىكى پەرىشتىلەر، يەردىكى جانلىقلار ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئالىملارغا بەخت تىلەپ ئىستىغپار قىلىدۇ، خۇددى ئاي يۇلتۇزلاردىن ئەلا بولغاندەك، ئالىملار مۇناخلاردىن ئەلادۇر» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە ئالىملارغا مۇشۇنداق يۇقىرى ئورۇن ۋە مۇقەددەس ۋەزىپە بېرىلگەنلىكى بىزنى ئويلاندۇرماي قويمايدۇ. ئىسلام دىنى تەرەققىياتى تارىخىدا مۇنەۋۋەر ئالىملار ۋە ئىماملار ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغانىدى. ئۇلار ئىسلام ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەرىئەت قانۇنلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دىنىي ئەھكاملار ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بارغانلا يېرىدە تەرغىبات يۈرگۈزۈپ، نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاۋام خەلقنى باشلاپ، شەرىئەت قانۇنلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى پاك ۋە باشلامچى بولۇپ، «كىشىلەرنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەش، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇش»تەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئاددىي پۇقرالارغا ئاللانىڭ ھۆكمىنى بەجا كەلتۈرۈش، شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش توغرۇلۇق تەلىم بېرىپلا قالماي، ھوقۇقلۇق ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭمۇ دىن قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللادىن قورقۇشنى نازارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەردە بىر خىل ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىشچانلىق خىسلىتى بار بولۇپ، ئۇلار «پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى» دېگەن نامنى ئېلىشقا لايىق ئىش قىلدى. تارىختا مۇنداق بىر ئالىم ئۆتكەن: ئۇ قالتىس بىلىملىك، پەزىلەتلىك، ئابرۇيلۇق ئادەم ئىكەن، مەلۇم خەلىپە ئۇنىڭغا قول قويىدىكەن ھەم ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئىككىيلەن كەئبىنى زىيارەت قىلىشۋاتقاندا، خەلىپە بۇ ئالىمغا: «مەن بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى، قانداق تەلىپىڭىز بولسا، ھازىر ماڭا تەكەللۇپ قىلمايلا ئېيتىڭ! قانداق نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز شۇنىڭ بىلەن سىزنى رازى قىلىمەن» دەپتۇ. «پادىشاھىم، — دەپتۇ بۇ ئالىم، — كەئبىنى زىيارەت قىلىشۋاتقاندا مېنىڭ باشقىلارغا ھېچقانداق تەلەپ قويمايدىغان ئادىتىم بار.»، «ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ خەلىپە — كەئبىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.» زىيارەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىككىيلەن كەئبىدىن بىللە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا خەلىپە يەنە بىر قېتىم چىن ئېتىبار بىلەن: «ئەمدى كەئبە زىيارىتىنى تۈگەتتۇق، ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا قويسىڭىز بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ ئالىم ئۆزىنى ئوبدان تۇتۇۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن: «مەن بۇ دۇنيانىڭ پەرۋەردىگار ئىگىسىگىمۇ بىرەر تەلەپ قويمىغان تۇرسام، بەندىگە نېمە دەپ تەلەپ قويار ئىدىم» دەپتۇ. بۇ يەردە ئۇ، سەن بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغىنىڭ بىلەن بەرىبىر ھەقىقىي ئىگە ئەمەسسەن، سېنىڭ ماڭا بىرەر نەرسە بېرىدىغان نېمە ھوقۇقىڭ بولسۇن، مەنمۇ تۆھپە كۆرسەتمەي تۇرۇپ بىرەر نەرسە ئالمايمەن، دېمەكچى. بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ خىسلەت، نېمىدېگەن ئالىيجاناپ پەزىلەت! قەدىمدىن ھازىرغىچە، بۇ دۇنيادا ئەتىدىن كەچكىچە ھوقۇقدار ئادەملەرگە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، بىرەر ئىلتىپات ۋە مەنپەئەت تىلەپ يۈرگەن ئادەملەر ئاز ئەمەسقۇ! بىراق بۇ ئالىم دىلىدا ئاللاغىلا نىيەت باغلاپ، شەخسىي مەنپەئەتتىنى قىلچىمۇ كۆڭلىدە تۇتمىغان. مۇشۇنداق ئېسىل ئالىملار، ئېسىل ئىماملار ئىسلام

دىنى تارىخىدا ئاز ئەمەس. دەل مۇشۇنداق
دىنىي بىلىمىمۇ بولغان، كىشىلىك ئىپتىخا-
رىمۇ بولغان ئالىملار، ئىماملار، تۈركۈم-
تۈركۈملەپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد مەيدانغا چىقىپ
تۇرغاچقا، ئىسلام دىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد
تارقىلىپ، جانلىنىپ، ئاجىزلاشماي كېلىۋا-
تىدۇ.

جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ 1300 يىلدىن
ئارتۇق تارىخىي ئېقىنىدىمۇ، ئېيتىشقا بولى-
دۇكى، ئىقتىدارلىق كىشىلەر كەينى-كەينى-
دىن يېتىشىپ چىقتى، قەھرىمانلار شان-
شۆھرەت كەلتۈردى. پەزىلەت ۋە بىلىمنىڭ
ھەر ئىككىسىدە توشقان ياخشى ئالىملار،
ياخشى ئىماملار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ
مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولۇپ كەلدى. ھەممى-
گە مەلۇمكى، جۇڭگو كۆڭزىچىلىق مەدەنىيە-
تى ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان
مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، جۇڭگو مۇ-
سۇلمانلىرى كۆڭزىچىلىق، بۇددا، داۋجىياۋ
دىنلىرى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ھاۋاسى
ئىچىدە ياشاپ كەلگەن. مىڭ ۋە چىڭ سۇلا-
لىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى كۆڭزىچىلىق، بۇد-
دا، داۋجىياۋ دىنلىرىنى بولۇشىچە قوللاپ،
ئىسلام دىنىنى بېسىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بې-
رىپ كەلگەچكە، مۇسۇلمانلار ناھايىتى قىيىن
شارائىتتا ياشاپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ
تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى ناھايىتى زور توس-
قۇنلۇققا ئۇچرىغان. مۇشۇنداق مۇشكۇل شا-
رائىتلاردا، جۇڭگونىڭ ئىسلام ئالىملىرى،
ئاخۇنلىرى ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە راۋاج-
لاندۇرۇش يولىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى
باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مۇشۇ
ئالىملار ۋە سانسىز نامسىز ئاخۇنلارنىڭ قات-
تىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى
جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، گۈللەپ
مېۋە بېرىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام سۈردى.
دېمەك، بىزچە، ئاخۇنلارنىڭ ئورنى ۋە رولى
مۇشۇ يەردە. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى-
نىڭ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن
تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان پەزىلەتلىك،
ئابرويلۇق، مول بىلىملىك يېڭى ئاخۇنلارنىڭ
يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئۈمىد ئاخۇنلاردا

ليۇ جېن

ھەممىگە مەلۇمكى، ئاخۇن ئەسلى
پارسچە سۆز بولۇپ، جۇڭگودا مەسچىتلەردە
جامائەت نامىزىغا باشچىلىق قىلىدىغان، دى-
نىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئادەملەرنى كۆر-
سىتىدۇ، ئۇ ئەرەبچىدىكى "ئىمام" دېگەن
سۆز بىلەن بىر مەنىدە. ئاخۇنلار پەيغەمبىرى-
مىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ،
دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ
دىنىي ئەھكام ۋە ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قى-
لىدىغان ئادەملەردۇر. ئاخۇنلار "ئالىم" دەپ-
مۇ ئاتىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ھەدىس شە-
رىپلەرگە ئوخشاش كىتابلارغا كامىل بولغان
ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈن بىز بۇ يەردە "ئاخۇن" دېگەن
سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تېخىمۇ
ئىلگىرىلەپ توختالماقچى ئەمەس، بەلكى زا-
مانىمىزدىكى ئاخۇنلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك
مەسئۇلىيىتى ۋە ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەج-
بۇرىيىتى ئۈستىدە توختالماقچىمىز. ئاخۇن
بولغۇچى مەسچىت جامائىتىنىڭ دىنىي ئىش-
لىرى باشلىقى بولۇپلا قالماستىن، پەيغەمبەر
نامىدىن دىن تەرغىب قىلغۇچى، ئىسلام دى-
نىنىڭ ھەرقايسى ئىلىم تارماقلىرىغا تەۋە بى-

www.uyghurkitap.com

لىملەرنى تارقاتقۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك.
ئىسلام دىنى جۇڭگودا 1300 يىلدىن
ئارتۇق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە-
قەدەر داۋاملىشىپ كېلەلىشىدە ئۆتكەن دەۋر-
لەردە ياشىغان ئاخۇنلارنىڭ بىرىنىڭ ئىزىنى
بىرى بېسىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى-
نى چوڭ بىر تۆھپە دەپ ئېيتماي بولمايدۇ.
21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە، ئاخۇنلار دىن ساھەسىدە ئالدىنقىلارغا
ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئې-
چىش رولىنى ئوينىماقتا. نۇرغۇن مۇسۇلمان-
لار ئاخۇنلاردىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ. يېڭى
ئەسىر كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخۇنلار-
نىڭ دۆلەتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە
2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنىڭ
يېتەكچىلىكى ئاستىدا، كەڭ مۇسۇلمانلار
ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇ-
شىغا پائال قاتنىشىشىغا، دۆلەتنى گۈللەندۈ-
رۈپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش يولىغا مېڭى-
شىغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى، دىنىي ئىشلار-
نى ۋە مەدرىسە مائارىپىنى ئەستايىدىل ياخشى
يولغا قويۇپ، لاياقەتلىك ئىزباسارلارنى كۆ-
ڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.
تۆۋەندە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ قا-
راشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۆزەمنىڭ
شەخسىي قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەك-
چىمەن.

## ئاخۇنلار—مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەرغىباتچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى

ئاخۇنلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئە-
لەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىغا
ۋارىسلىق قىلغۇچىلار بولغانىكەن، ئۇ ھالدا،
ئۇلار «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە
باشقا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى
بىرقەدەر مۇكەممەل چۈشىنىدىغان بولۇشى
كېرەك. ئاندىن دىنىي ئەھكاملارنى شەرھلە-
گەندە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ-
لەرنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنى ھازىرقى دىنى-
نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۈزە-
لىكتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈش يولى بىلەن
شەرھلەش كېرەك. مۇقەددەس دىنىنىڭ چوڭ-
قۇر ۋە ئۇلۇغ ئەقىدىلىك روھىنى ۋە ئېسىل
ئەخلاق ئەنئەنىسىنى مۇمكىنقەدەر كەڭ تەر-
غىب قىلىشى، قىسسە، رىۋايەت قاتارلىق
جەھەتلەردىكى مەزمۇنلىرىنى ئازراق سۆزلە-
شى لازىم. چۈنكى بۇنداق مەزمۇنلارنى سۆز-
لەۋېرىش، ھەقىقەتەن، بىر قىسىم مۇسۇل-
مانلار ئاممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىسىمۇ،
لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، ئىسلام
دىنىنىڭ ھەق مەزمۇنىنى سۇسلاشتۇرۇپ قو-
يىدۇ، ھالبۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق مەز-
مۇنلىرى دەل «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس
شەرىپ قاتارلىق كىتابلارغا سىڭگەن.
«قۇرئان كەرىم» بىز مۇسۇلمانلار ئې-
تىقاد قىلىدىغان نېگىزلىك كىتاب. ئۇنىڭ
سۆزى ئىخچام، مەنىسى مېغىزلىق، ئەھمى-
يىتى چوڭقۇر بولۇپ، مەزمۇنى ئىسلام دىنى-
نىڭ ئىمان-ئەقىدىلىرى، ئەخلاق-پەزىلىتى
توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى، ئىسلام
دىنىنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى،
قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇر-
غۇن ھېكمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھە-
دىس شەرىپ بولسا، «قۇرئان كەرىم»دىكى
پرىنسىپ-بەلگىلىمىلەر ھەم تەلىملەرنىڭ
كونكرېت چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە شەرھىسى-
دۇر. شۇ نۇقتىدىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھە-
دىس شەرىپلەر بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىۋى
ئېتىقادى، دىنىي ئەمەللىرى ۋە ئەخلاق تەر-
بىيىلىنىشى توغرىسىدىكى قىبلىنامىسى ۋە
ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكىتىمىزنىڭ مىزانى-
دۇر. شۇڭلاشقا، يېڭى دەۋردىكى ئاخۇنلار-
نىڭ مەسئۇلىيىتى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ تەلىمى بويىچە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنى كىتابلىرىنىڭ مۇپەسسەل مەزمۇنلىرىنى ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ بايان قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە يۈكسەك ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى تەرغىپ قىلىش، بۇ ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلارنى ھەم دىنىي ئەقىدە-قائىدىلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغان، ئەخلاق-ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرىدىغان، ھەم دۆلەتنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيىدىغان ياخشى مۆمىن، ياخشى گىراژدان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بۈگۈن بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، يېڭى دەۋردىكى ئاخۇنلار بۇ مەسىلىلەرگە دىققىتىنى قوزغاپ، كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە چۈشىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ پىكىرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىكى ھالەتتە ياكى مەلۇم ئالىمنىڭ كۆز قارىشىدا توختاپ قالماسلىقى كېرەك، ئاخۇنلاردا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بولۇش كېرەك، شۇنداقلا ئۇلار يەنە يېڭى پىكىر يولىنى ئېچىشى، يېڭى چۈشەنچىلەردە بولۇشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ ھەقىقەتلىرىنى نامايان قىلىپ، كەڭ تەشۋىق قىلالايدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئاتا قىلغان مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ.

## ئاخۇنلار — مەسچىت جامائىتىنىڭ ئۆگىنىش باشلامچىسى

ئاخۇنلار مەسچىتلەرنىڭ دىنىي رەھبەرلىرى بولغانىكەن، ئاۋۋال ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشى ھەم مەسچىت خادىملىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى، ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنىنى ياخشى ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە كۆپچىلىكنى بىلىملىك، دىنىي چۈشىنىدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى مۆمىنلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي بىلىملىرى ۋە كىتاب-ئەقىدە بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىشى ۋە ياخشى ئۆگىتىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم» بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "ئېيتقىنكى، 'بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ'" (39-سۈرە، 9-ئايەت). بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، بىلىملىكلەر ۋە ئەقىل ئىگىلىرىلا ئاڭلىق بولىدۇ، ئەنە شۇنداقلارلا دىنىي ئىشلارنى ۋە باشقا بارلىق ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇپ كېتەلەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەنىدى: "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر." مانا بۇنىڭدىن بىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ ئېلېكترون دەۋرىدە ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى ساھەلەردىكى بىلىم تەرەققىياتى پارتلاش خاراكتېرىنى ئېلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىز، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخۇنلىرىمىز كەڭ كۆلەملىك دىنىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مەلۇم دەرىجىدە پەننى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ھەتتا ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ساھەسىدىكى بىلىملەرگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”سىلەر ھىلال ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق روزا تۇتۇشنى باشلاڭلار، ھىلال ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق روزاڭلارنى ئېچىڭلار“ دېگەن ھۆكمىدە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ھىلال ئاينى كۆزىتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ بىزدىن ھىلال ئاينى ئۆز كۆزىمىز بىلەن ئەستايىدىل كۆزىتىشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى كالېندار ئىلمى ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىنى قوللىنىپ، مۇكەممەل ھېسابلاشنى، ئىككىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، روزا تۇتۇشنى باشلاش ۋە روزىنى ئېچىشنىڭ توغرا ۋاقتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ”مەھەق“ ۋاقتى بىلەن ”ۋاقىت پەرقى“دىكى ئوخشىماسلىقنى توغرا ئىگىلەش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نامازنىڭ كونكرېت ۋاقتى ۋە قىبلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ پەننى بىلىم ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئۆلچەشكە توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئاخۇنلىرىمىز دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋالالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئاۋۋال ئاممىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئاندىن ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىغاندىلا، ئاندىن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تەشۋىق-تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق بەرىكەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلىيەلەيدۇ.

## ئاخۇنلار — ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىگۈچى

ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان دىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر“ دېگەنىدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بولساق، ۋەتەنپەرۋەرلىك جەھەتتە شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە ئاخۇنلىرىمىز ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەسچىتنى ماكان ئېتىپ، ۋەتەننى قەلبىدە تۇتۇشى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋەتەننىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش يولىغا مېڭىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشى كېرەك، شۇنداقلا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنى ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى لازىم. ئىگىلىكىمىز ياخشى يولغا قويۇلغان، تۇرمۇشىمىز ياخشىلانغان چاغدىلا، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ، مائارىپ ئىشلىرىنى ۋە باشقا جامائەت خەيرساخاۋەت ئىشلىرىنىمۇ ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز: ”كىمكى بىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا بىر دەرھەم تەڭگە ئاتىسا، ئۇ ئاللا يولىدا ئوھۇد تېغىچىلىك ساپ ئالتۇن ئاتا قىلغاندەك بولىدۇ“ دېگەنىدى. بۇ مائارىپنى ئاكتىپ تەشۋىق (ئاخىرى 26-بەتتە)

# ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق توغرىسىدا

جاڭ خۇڭچۇن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

دىنىي قېرىنداشلار! ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش ئىسلام دىنىدىكى پەرز ئېھسان، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى؛ ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ھەتتا ئاتا-ئانىنى خورلاش، تاشلىۋېتىش قىلمىشلىرىنى ئىسلام دىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، بۇنداق قىلمىشلارغا دۆلىتىمىز قانۇنىمۇ يول قويمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە بىزگە ئۇچۇق دېيىلگەن: "ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار" (4-سۈرە، 36-ئايەت). بۇ ئايەتتە ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاتا ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تەڭ تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولۇشقا قايسى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىش تەڭرى يولىنىڭ ئالىيسى بولسا، ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش ئىنسانىيلىق يولىنىڭ ئالىيسىدۇر، تەڭرى يولى بىلەن ئىنسانىيلىق يولىغا ئەمەل قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلى، ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشىمىز لازىملىقىنى كۆپ قېتىم ئەمر قىلغان ھەم ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىمىزنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: "بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر" (46-سۈرە، 15-ئايەت). مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: "جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر" دېگەنىدى.

ئاتا-ئانا بىزنى ئاپىرىدە قىلدى، باقتى، تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن يىللار جاپا تارتتى، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلدى؛ روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن ياشلاردىن بېلى مۈكچەيگەن، چاچلىرى ئاقارغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان قېرىلارغا ئايلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن چەككەن رىيازەت ۋە باشتىن كەچۈرگەن ئىسسىق-سوغۇقلىرىنىڭ يالدامىسى. ئاتا-ئانىلار ياشانغاندا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى كۈنلىرىمۇ ئازلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار دەل بىزدەك ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ۋاپادارلىق قىلىپ كۆيۈنۈشىگە ۋە غەمخورلۇقىغا موھتاج بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانىسىغا گەپ قىلغاندا كىچىك پېئىل، مۇلايىم، ئىللىق بولۇشنى، قاتتىق

ئاۋازدا قوپال سۆزلىمەسلىكنى، ئۇلارغا مەسخىرىلىك گەپلەرنى قىلماسلىقنى ۋە ھەرگىز شالىنى چىچىپ ۋاقىرىماسلىقنى بەلكى ئىززەت-ئىكراملىق سۆزلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: : "ئاتا-ئانىنى شاد-خۇرام قىلىش ئاللانى خۇشال قىلىدۇ؛ ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ئاللانى غەزەپلەندۈرىدۇ" دېگەن. "بىر جۈملە ياخشى سۆز بىر قاچا ھەسەلدىنمۇ ئەۋزەل" دېگەن تەمسىل بار. بۇلاردىن ئاتا-ئانىلارغا سىلىق، مۇلايىم، يېقىملىق سۆزلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دىنىي قېرىنداشلار! ھەرگىزمۇ ئاتا-ئانىلارنى قاقشىتىپ، ئاللاتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالمايلى!

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانىلارغا خۇش چىراي، كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "پەرزەنت بولغۇچى ئۆز ئاتا-ئانىسىغا رەھىملىك ۋە كۆيۈنۈش نەزىرىدە قارىغاندىلا بىر قېتىملىق ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابىنى ئالالايدۇ." دىنىي قېرىنداشلار ھەج ۋە ئۆمرەنىڭكىدەك چوڭ ساۋابتىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن ئاتا-ئانىمىزغا ھەرگىز بەتچىراي مۇئامىلە قىلمايلى!

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق پەرزەنتلەردىن يەنە ئاتا-ئانىلار ئالدىدا كەمتەر ۋە كىچىك پېئىل بولۇشنى، تەكەببۇر ھەم ئەدەبسىز بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە بىزگە ئوچۇق دېيىلگەن: "ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: 'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن" (17-سۈرە، 24-ئايەت). ئەبۇ زۇرەيرە رزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولغان. ئۇ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار بولغان، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققان، ئۇ ئانىسىغا دائىم: "ئەي ئانا! مېنى كىچىكىمدە مېھرىبانلىق بىلەن پەرۋىش قىلغىنىڭىزدەك ئاللا تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتىنىڭ سىزگە ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيمەن" دەيدىكەن. ئانىسىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن: "ياشانغىنىمدا سېنىڭ ماڭا ۋاپادار بولغىنىڭدەك، مەنمۇ ئاللاتائالانىڭ ساڭا رەھمەت يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن" دەيدىكەن. بۇ ئانا-بالىلىق رىشتى كىشىنى نەقەدەر زوقلاندۇرىدۇ-ھە!

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانىلارنى تەشۋىش ۋە ئىزا-ئاھانەتتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن يەنە قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئاللاغا كۇپۇرلۇق قىلىدىغان، شەرىئەت ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان مىللىي مۇناپىق بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، قانۇننى ھىمايە قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك ئەمەللىرىنى بېجىرەلەيدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق يەنە، ئۆيلەنگەن ئوغۇللاردىن ئۆز ئاياللىنىڭ قېين ئانا-كېلىن مۇناسىۋىتىنى ياخشى قىلىشىغا ياردەملىشىشىنى، ئاياللىنى ھەرگىز ئانىسىدىن ئۈستۈن چاغلىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قارغاپ، ئاقىۋەتتە باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قارغىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە تەربىيە قىلىپ: "كىشى-

نىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ زور گۇناھتۇر" دېگەن بەزىلەر: "ئەي رەسۇلۇللا، كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قانداقمۇ قارغايدۇ؟" دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ-دە، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ، بۇ ئۆز ئاتا-ئاناڭنى قارغىغانلىق بولمامدۇ؟" دېگەن. ئەگەر ئاتا-ئانا ئۆيدە بار بولىدىكەن، پەرزەنتلەر ھەرقانداق ئىشتا ئاتا-ئانىنى خەۋەردار قىلىشى، ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىشى، ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماسلىقى كېرەك.

ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنى ياخشى بېقىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. شۇڭا پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىغا چەكسىز ۋاپادار بولۇپلا قالماستىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ باياشات قىلىپ بېرىشى كېرەك، چۈنكى ماددىي مەئىشەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇڭا ئاتا-ئانىغا ھەرگىز پىخسىقلىق قىلماسلىق كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئازادە، خۇشال قىلىشى كېرەك، چۈنكى روھىي موھتاجلىق ئادەملەرنىڭ ئالىي موھتاجلىقىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە بىزگە ئېنىق دېيىلگەن: "پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن" (17-سۈرە، 23-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسىگە ئاساسەن بىزگە شۇنداق تەربىيە قىلىدۇكى: "كىمكى بىللە تۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئۇلاردىن بىرىنى رازى قىلسا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق؛ كىمكى بىللە تۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئۇلاردىن بىرىنى قاقشاتسا ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ئىشىكى ئوچۇق."

بۇ ھەدىس ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى يېتەرلىك قامداشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ روھىي موھتاجلىقىدىن چىقىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بىزدىن تەربىيىلىنىشىمىزنى كۈچەيتىشنى، ئاللانىڭ ئەمرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشىمىزنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم-تەربىيىسىنى ئەستە تۇتۇشىمىزنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي قاراشلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىمىزنى، ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك مۇسۇلمان بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەنە ئاشۇلا ھەقىقىي ۋاپادارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى زور ئىسلاھات ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلدى ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئەمما بەزىلەر مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئاللانىڭ ئەمرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىنى بارا-بارا ئۇنتۇپ قالدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى چۆرۈپ تاشلىدى. بۇ ئىنتايىن قاملاشمىغانلىق.

رېئال تۇرمۇشتا، ھەقىقەتەن، بەزىبىر ۋاپاسىز پەرزەنتلەر باركى، ئۇلار ئۆز ئاتا-ئانىسىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا قو-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پال تېگىدۇ، ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ،
ئۇلارنى ئاۋارىگەرچىلىك ۋە پۇتلىكاشاڭ دەپ
قارايدۇ. يېزىلاردا بەزى پەرزەنتلەر ئاتا-ئانە-
سى قېرىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چى-
قىمىغا كۆپ پۇل كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاي-
رىلماي ياشاۋاتقان ئاتا-ئانىسىنى ئايرىپ، بۆ-
لۇشۇپ بېقىۋاتىدۇ؛ تېخىمۇ ۋاپاسىزلىرى يا-
شانغان ئاتىلىرىنى ئېتىزغا چىقىشقا مەجبۇر-
لاپ، ئۇلارنى ئېشەكتەك ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ يا-
شانغان ئانىلىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىپ مالاي-
دەك ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ ھەتتا بەزى ئوغۇللار ۋە
كېلىنلەرنىڭ ئاتا-ئانىلارنى تىللىشى ئادەتتىن-
كى ئىشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شەھەرلەردە
بەزى پەرزەنتلەر ئالغان ئايلىقىدىن ئاتا-ئانە-
سىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە ھېچنېمە بەر-
مەيۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە كۆ-
ڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال
سوراش تېخىمۇ كەمدىن-كەم بولۇۋاتىدۇ. بە-
زى پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنى "كۆپ ئىقتىدار-
لىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمىنى" ئورنىدا ئىش-
لىتىۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بولسا سىرتلاردا يەپ-
ئىچىپ، ئويناپ، ئەيش-ئىشرەت قىلىپ يۈ-
رۈۋاتىدۇ. بەزى پەرزەنتلەر ئۆزلىرى ئامراق
پىستىلىرىنى (ئىتلىرىنى) نۇرغۇن پۇل
خەجلەپ ئەتىۋارلاپ بېقىپلا قالماي، پۇتۇن
ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدۇيۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانە-
سىنى ئۆيدە بىچارە ھالەتتە قالدۇرىدۇ،
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالمايدۇ، ئۇ-
لاردىن ھال-ئەھۋال سورىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ
"ئىت ئادەمدىن ئەتىۋار بولۇۋاتىدۇ" دەپ ئې-
چىنغىنى بىكار ئەمەس. تېخىمۇ ئېغىرى شۇ-
كى، بەزى پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنى بېقىش
ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلار بىلەن بول-
غان مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئۈزۈۋاتى-
دۇ. ئاتا-ئانىنى قاقشاتقان، خارلىغان ئادەم
بۇ دۇنيادا ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ۋاپا كۆرمەي
قالماستىن، ئاخىرەتتىمۇ ئاللانىڭ جازاسىغا
ئۇچرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن: "كىمكى ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئۇلار-
دىن بىرىنى خارلىسا ئاخىرەتتە دوزاخقا
كىرىدۇ".

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى مۇسۇلمانلار
ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا، مىللەتنىڭ ئىز-
زەت-ھۆرمىتىگە، پەيغەمبىرىمىز تەلىملىرى-
نىڭ شان-شەرىپىگە، دۆلەت قانۇنىنىڭ
سۇر-ھەيۋىتىگە پىسەنت قىلماي، زەھەرلىك
چېكىملىكلەرنى سېتىش ۋە چېكىشتەك خە-
تەرلىك يوللاردا مېڭىپ، مۇسۇلمانلار ئوبرا-
زىغا چوڭ داغ تەگكۈزدى ھەم ئۆز ئاتا-ئانە-
سىنىڭ نام-ئابرويىنى بۇلغىدى. ئۇلار ئاللا-
نىڭ ئەمرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
تەلىم-تەربىيىسىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى
مەسئۇلىيىتىنى، ئاخىرەتلىك ھېساب-كىتا-
بىنى پۈتۈنلەي بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، گۇ-
ناھ پاتقىقىغا بارغانچە چوڭقۇر پاتتى، ئۇلار
ئۆزىنى ئاخىرى ھالاك قىلىدۇ، خالاس.
چۈنكى ئاللاتائالا ئاجىزلارنى، زىيان تارتقۇ-
چىلارنى ھەر دائىم ئاسراپ تۇرغاندەك، ئۇ-
لارغىمۇ ھەر ۋاقىت نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "-
كىمكى ئېرىشكەن ھارام مېلىنى قان-قېرىن-
داشلىرىنى بېقىشقا ياكى سەدىقە قىلىشقا ياكى
ئاللا يولىغا ئىشلەتسە، ھەممىسى بىھۇدە بو-
لىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭ ھەممە ھا-
رام مېلىنى يىغىپ دوزاخقا تاشلايدۇ." پەي-
غەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دېگەن: "كىمكى ھا-
رامدىن بىر لوقما تائام يېسىمۇ ئاللا ئۇنىڭ
قىرىق كۈنلۈك ئىبادىتىنى قوبۇل كۆرمەي-
دۇ، شۇنداقلا قىرىق كۈنلۈك ئەمەلىنى قو-
بۇل قىلمايدۇ." مەن شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى
ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈ-

چۈن، پەيغەمبىرىمىز تەلىمى ئۈچۈن يېڭىدىن ئادەم بولۇپ، ئاللانىڭ ئەمرىگە، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىنى تىلەيمەن.

ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارغا بولغان ۋاپادارلىقنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ۋاپادارلىق پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشتا ھەرگىز ئۇلارغا پرىنسىپسىز ھالدا مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەگەر ئاتا-ئانا ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلسا، پەرزەنتلەر ئۇلارغا بويسۇنماسلىقى، ئەكسىچە ئۇلارنى ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە دەۋەت قىلىشى، ئەمما ئۇنى دەپ ئاتا-ئانىغا ھەرگىز قوپاللىق قىلماسلىقى، ئۇلارنى قەدىرىي ھاقارەتلىمەسلىكى، تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانا ياكى ئۇلارنىڭ بىرسى مۇشرىك ياكى دىنسىز بولغاندىمۇ، ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغۇچى بولغان تەقدىردىمۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەسلىكىگە شەرىئەت يول قويمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا-ئانىلارغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ ئەڭ قايىل قىلارلىق يېرىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: ”(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)“ (31-سۈرە، 14—15-ئايەتلەر).

نۆۋەتتە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، غەربنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس بولۇپ قالدى؛ غەرب مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ سىڭىپ كىردى. قانداق قىلىپ مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي ئىشەنچ ۋە ئېپتىخارنى تىكلەش مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىشتە ئەستايدىل ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەۋاتىدۇ، ۋاپادارلىق ئىنسانىيەت ئەخلاقىدىكى ئەڭ نېگىزلىك نەرسە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ جەۋھەرى، ئىسلام دىنىدىكى پەرز ئېھسان. ئويلاپ باقايلى، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار بولالمىغان ئادەم ئۆزىدىن چوڭلارغا، دوستلىرىغا قانداقمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلالايدۇ؟ قولۇم-قوشنىلىرى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قانداقمۇ دوستانە، ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ؟ بۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋەتىنى، دىنىنى سۆيىدۇم دېگىنى قۇرۇق گەپ! شۇڭا بىز ۋاپادارلىققا ئەمەل قىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا

مۇ خۇافېن (ئايال ئاخۇن)

دىنىي قېرىنداشلار، ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مەن بىر مۇسۇلمان ئايال بولۇش سۈپەتىم بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچەمەن.

ھەممىگە مەلۇم، ئاياللار ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى ھەم ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ بايراقدار قەھرىمانى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى تامامەن ھەقلىق. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئاياللار ئائىلىنىڭ چىرىغى. . . پەرزەنتلەرنىڭ بۆشۈكى، بەختسائادەتنىڭ بۇلىقى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈستىسى.“ شۇڭا، ئاياللار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئاياللار جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە دىنىي ئىشلىرىغا ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار قانۇنىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ”ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك“ (2-سۈرە، 228-ئايەت). يەنە مۇنداق دېگەن: ”مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن“ (3-سۈرە، 195-ئايەت). بۇ ئىككى ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى كەمسىتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئاياللارنى ئازاد قىلىشنى، ئۇلارنى مۇستەقىل سالاھىيەتكە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىش جەھەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇق ۋە ھەق نېسىۋىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىلادى 6-ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئۇ چاغدا ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بەدۋېيلىك، نادانلىق، شاللاقلىق، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش، ئاياللارنى خورلاش قاتارلىق قەبىھ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر مەۋجۇت ئىدى، ئاياللار ھېچقانداق ھوقۇققا ئىگە بولماي، قاتمۇقات قۇللۇقتا ياشايتتى. 7-ئەسىردىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلدى، «قۇرئان كەرىم» نى ئىنسانلارغا قىبلىنامە قىلىپ، جىنايەتكە

چوڭقۇر پاتقان ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ۋە ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە 170-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "- ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار (يەنى كۇپۇرنى داۋاملاشتۇرساڭلار) (ئاللا سىلەردىن بىھاجەت). چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭدۇر (يەنى ئاللانىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). ئاللا (بەندىلەرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر." مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللادىن ۋەھيى ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى سىگنالىنى چالدى، بۇ چاغدا، پارچىلىنىش ھالىتىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى زۇلمەت كېچىدە سۈبھى نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى، ئىسلام دىنى شۇ ھامان ئىككى بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى: ئۇنىڭ بىر بۆلۈكى قۇللار؛ يەنە بىر بۆلۈكى ئاياللار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى قېتىم قوللىغان كىشى بىر ئايال، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە بولدى؛ ئۇ ئاياللارنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى بولۇپ، كونا ئادەتلەرنىڭ چۈشەكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان ھەم ئىسلام ئىنقىلابىغا ئۆزىنى ئاتىغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاللادىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (ئاللا بېرىدۇ). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر" (4-سۈرە، 32-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى، ئاياللارنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىنى دەۋەت قىلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ توختامنامە تۈزۈش، كارخانا ۋە مال-مۈلۈك باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇشىغا يول قويىدۇ؛ سىياسىي جەھەتتە، ئاياللارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشىغا، سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا يول قويىدۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشىگە، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىغا، شۇ ئارقىلىق ئاللانىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىلھام بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "مۇمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللا رەھىم قىلىدۇ" (9-سۈرە، 71-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)" (4-سۈرە، 124-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنىڭ بەش چوڭ پەرزى ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لار، ئىقتىساد جەھەتتىكى مەزمۇنلار مۇھاكى-
مە قىلىنىپلا قالماي يەنە قانۇنغا دائىر مەسى-
لىلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، "ۋارىس-
لىق ھوقۇقى" مەسىلىسى شۇنىڭ ئىچىدىكى
بىر تۈردۇر. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دې-
يىلگەن: "ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇر-
غان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە)
ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە
تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ
ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز
بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئال-
لانىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەس-
سىسىنى ئالىدۇ" (4-سۈرە، 7-ئايەت). بۇ
جاكار دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن يې-
ڭى بىر ئەھۋال بولدى، ھالبۇكى ئەينى ۋا-
قىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئۆ-
زى مىراس سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىناتتى.
ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك قەدىر-قىممى-
تى يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۆز تەقدىرىنىمۇ
بەلگىلىيەلمەيتتى، ئەمما ئىسلام دىنى ئۇلارغا
ۋارىسلىق ھوقۇقى بەرگەنىدى. دۆلىتىمىز
جۇڭگو گەرچە بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە
قەدىمىي دۆلەت بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ ۋارىس-
لىق ھوقۇقى 20-ئەسىردىلا ئېتىراپ قىلىن-
دى ھەم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيى-
نىلا ھەقىقىي يۈرگۈزۈلدى.

ھەممىگە مەلۇم، سىنىپىي جەمئىيەتتە
ئىقتىساد جەھەتتىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى
كىشىلەرنىڭ شۇ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي
ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.
«قۇرئان كەرىم» دە بەلگىلەنگەن "ۋارىسلىق
ھوقۇقى" بۇنىڭدىن 1400 يىل ئاۋۋاللا كەڭ
ئاياللارغا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇش ھوقۇ-
قى ۋە ئىمتىيازىنى بەرگەن.

دىنىي قېرىنداشلار! ئىسلام دىنىمىز
بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى تەكىتلەي-
دۇ. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، قەدى-
كى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىل-
گەندىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بول-
غان ئارىلىقتا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى
ئەرلەردىن ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ كەلدى،
كونا جەمئىيەتتە جۇڭگودىكى ئەرلەرنىڭ يەل-
كىسىدە ئۈچ چوڭ تاغ بولسا، ئاياللارنىڭ
يەلكىسىدە ئەرلەر ھاكىمىيەتچىلىكىدىن ئىبا-
رەت يەنە بىر تاغ ئارتۇق ئىدى، يەنى جۇڭگو
ئاياللىرىنىڭ يەلكىسىنى تۆت چوڭ تاغ بې-
سىپ تۇراتتى، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئايال-
لار بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئى-
دى. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ-
نىڭدىن 1400 يىل ئاۋۋاللا "ئىلىم تەلەپ
قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن
پەرزدۇر" دېگەن مەشھۇر ھەدىسنى ئوتتۇرىغا
قويغان. بۇ ھەدىستە ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخ-
شاشلا بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلى-
كى بايان قىلىنغان. فېئودال ھۆكۈمرانلار-
نىڭ "ئاياللار قابىلىيەتسىز بولسا ئەخلاقلىق
بولىدۇ" دېگەن ئىدىيىسىگە باققاندا، ئىسلام
دىنىنىڭ ئاياللار ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش-
تەك بۇ تەشەببۇسى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۇ-
رۇلۇشى كېرەك. بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئايال-
لارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار پەن-تېخنى-
كا، مائارىپ، مەدەنىيەت-سەنئەت، ھەتتا
ئۈتكۈر پەنلەر ئىشلىرىغا ئاتلىنىپلا قالماس-
تىن، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە خەلقئارالىق سى-
ياسىي سەھنىلەردىكى پائالىيەتلەرگىمۇ قات-
نىشىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە بىرقانچە مۇسۇلمان ئا-
يال دۆلەت زۇڭلىسىلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆتەۋاتىدۇ.

ئېلىمىز مۇسۇلمان ئاياللىرى جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ ھايات-ماماتلىق كۈرىشىنىڭ
جىددىي پەيتلىرىدىمۇ، جاھانگىرلىك ۋە فې-
ئودالىزمغا قارشى كۈرەشلەردىمۇ، سوتسىيا-

لىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىمۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى ئىقتىساد قايناملىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ بىركىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ، يېرىم دۇنيالىق ئورنىنى ساقلاپ كەلدى.

بۈگۈنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاينىمىدا كۆپلىگەن ئايال كارخانىچىلار مەيدانغا كەلدى، بۇ مۇنەۋۋەر مۇسۇلمان ئاياللار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا چوڭ تۆھپە قوشتى، ئۇلار بىزنىڭ پەخرىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاياللار يۇرتىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا ئاتاۋاتىدۇ، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ.

بىزمۇ كەڭ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىنى، پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇپ، گۈزەل بىر ئائىلە قۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقەللىي ئۇستازى." بۇ، ئاياللار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سۆزى ھەم ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتى، ھەتتا شادلىق-قايغۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ بالىلىرىغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا بالىلار ئانىلىق تەربىيە بىلەن ئانىلىق مۇھەببەتنىڭ ھەر ئىككىسىگە ناھايىتى موھتاج. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: "بىر ئايالنى ياخشى تەربىيىلىگەنلىك بىر ئائىلىنى ياخشى تەربىيىلىگەنلىكتۇر." بۇ ھەدىس ئاياللارنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە-سىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىلەردىكى نەچچە يۈز ئايەتتە ئاياللار مەسىلىسى بايان قىلىنغان. ھەتتا «ئال ئىمران»، «نىسا» ۋە «مەريەم» قاتارلىق ئاياللارغا بىۋاسىتە باغلىنىشلىق سۈرىلەرمۇ بار. بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھەر دائىم مۇنداق تەلىم بېرەتتى: "ئاياللارغا كۆيۈنۈڭلار ھەم ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئاللا بىزنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز ۋە ھامراھىمىز." يەنە مۇنداق دېگەن: "جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر."

كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھ تۈزۈمىگە، كۆپ ھاللاردا، ناھايىتى خاتا قارايدۇ ياكى ئۇنى بۇرمىلايدۇ، ئۇلار ھە دېسىلا، ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويىدۇ دېيىشىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەسىلىگە قاراشتا ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تارىخىي مۇھىتتىن ئايرىپ قارىماسلىق كېرەك. بىز ئاۋۋال "قۇرئان كەرىم" دىكى مۇنۇ ئوچۇق بېشارەتلەرگە نەزەر سالايلى: "ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ؛ ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى

قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايە-لەنسەڭلار بولىدۇ، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە-لىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر“ (4-سۈرە، 3-ئايەت). بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەل دىنىي ئىنقىلابنى باشلىغان ھالقىلىق بىر دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىنقىلابى قۇرەيش قەبىلىسىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئەسەبىي قارشىلىقىغا ۋە بېسىقتۇرۇشىغا ئۇچراۋاتاتتى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلىرىنى باشلاپ مەككىدىن مەدىنىگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر قىلغانىدى، ئۇرۇش ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغاچقا نۇرغۇن ئەرلەر ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ، زور بىر تۈركۈم تۇل خوتۇن، يېتىم باللار قېلىپ، ئەرلەر ئاز، ئاياللار كۆپ بولۇشتەك ئوبيېكتىپ ھالەت شەكىللەنگەنىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئەرەب جەمئىيىتىدە فېئودال-لىق ئىدىيە ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئەرلەر تۇل ئاياللارنى ناھايىتى پەس كۆرەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللادىن ۋەھيى ئېلىپ، ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئاللاغا بويسۇنۇشنىڭ نەمۇنىچىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، تۇل ئاياللارنى ئەمرىگە ئالدى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتەردى.

ئىسلام دىنىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇققا يول قويۇشىدا چەكلىمە بار، ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە جەمئىيەتنى تىنجىتىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئاكتىپ ئۇسۇلى ھەم ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بىر خىل كونكرېت ئىپادىسى، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق ئەر ئۆز ئاياللىرىغا ئادىل بولۇشى (بۇ ئادىللىق روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئادىللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەگەر ئادىل بولالماسلىقتىن ئەنسىرىسە، پەقەت بىر خوتۇن ئېلىشى كېرەك دېگەن مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بار. ئويلاپ باقايلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۆلەك كىممۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر ئايالىغا ئادىل مۇئامىلە قىلالىدى؟ ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھى بىر ئەر-بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى» غىمۇ ماس كېلىدۇ.

---

(بېشى 16-بەتتە) قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئاخۇنلىرىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇش، يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئېلىمىز تارىخىدا بىرمۇنچە پېشقەدەم ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز مۇسۇلمان ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تۆھپە كۆرسىتىپ، بىزگە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنىدى.

# مۇسۇلمانلار كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك

جاڭ چيەن

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم» نىڭ 2-سۈرىسى («بەقەرە» سۈرىسى) نىڭ 1—5-ئايەتلىرى پۈتۈن سۈرىگە نىسبەتەن پروگرامما خاراكتېرلىك كۆرسەتمە. بولۇپمۇ 2-ئايەتتە شۇنداق نۇقتىلىق كۆرسىتىلگەنكى: "بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر." بۇ يەردىكى "تەقۋادار" دېگەن سۆزنى بەزى ئۆلىمالار "ئېھتىيات قىلغۇچى" دەپ تەرجىمە قىلىشىدۇ. ئادەتتە بۇ سۆزنى سۆز-ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگۈچى، دەپ چۈشىنىمىز. چۈنكى تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، سۆز-ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولمىغاندا، مەلۇم بىر ھەقىقەتنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، تەربىيە ۋە ئېتىقاد دېگەنلەرمۇ بولمايدۇ، شۇڭا نېمىگە يېتەكلەشكە موھتاجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ۋەھيى ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام ئەھكامىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى ئىدىيىۋى ئېتىقادلا بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئىش-ھەرىكەتكە بولغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ۋەھيىدىكى "تەقۋادار" دېگەنلىك، ھەم ئىدىيە جەھەتتە ئىخلاسمەن بولۇش، ھەم ئىش-ھەرىكەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئاللاتائالاغا ئېتىقاد باغلىغان بىرسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يالغۇز ناماز، روزا قاتارلىق ئەمەللەرنى بېجىرسىلا ھەممە ئىش پۈتكەن بولمايدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتكۈل «قۇرئان كەرىم» كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇڭا ھەممىلا تەرەپتىن ئېتىقاد روھى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك، پەقەت شۇنداق قىلىشلا مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېتىقادقا بېرىلىشنى چېكى يوق مەنزىل دەيمىز، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنى مەن مەنزىلگە يېتىپ قالاي دېدىم دېيەلمەيدۇ، بولۇپمۇ توغرا ئېتىقادلىق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەزى جەھەتلەردىكى مەلۇم تىرىشچانلىقىغا ياكى ئېرىشكەن بەزى نەتىجىلىرىگە تايىنىپلا، ئۆزىنى مەن كامالەتكە يەتتىم، ئاللاتائالا رازى بولىدىغان ئادەم بولدۇم، دەپ ھېسابلىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئۆزى ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد نۇقتىئىنەزىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

لېكىن ئېتىقادقا بولغان بىر خىل تونۇشنى، يەنە كېلىپ شەخسنىڭ ئىچكى تونۇشنى باشقىلارنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ؛ ناۋادا ئۇنى ئۆزىگە بولغان چەكلىمە قىلسا، ئۇ چاغدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى باشقىلارغا تەتبىقلىماقچى بولسا، ئۇ چاغدا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈش ھېسسىياتى بويىچە، خىلمۇخىل چۈشەنچىلەر ئۈستىدە نامۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، بۇمۇ مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام پرىنسىپىدا، ئېتىقادنى مەجبۇرلاشقا يول قويۇلمايدۇ («قۇرئان كەرىم» نىڭ 2-سۈرە، 256-ئايىتىگە ۋە 10-سۈرە، 99-ئايىتىگە قاراڭ). بىز پۈتكۈل «قۇرئان كەرىم» دىن شۇنىمۇ كۆرەلەيمىزكى، ئاللاتائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلىدۇ، ھەممىلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەمگە شەپقەت ياغدۇرىدۇ، كىشىلەرنى مادارى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ («قۇرئان كەرىم» نىڭ 2-سۇرە، 286-ئايىتىگە قاراڭ). دېمەك، ئىنسانىيەت بەرپا بولغاندىن بۇيان، ئاللاتائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرغۇچىلار باركى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دە نەقىللەنگەن بارلىق توغرا بىلىملەرگە مۇيەسسەر بولغان؛ «قۇرئان كەرىم» نىڭ دەل ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن تەلىماتلار قايتا تەكىتلەنگەن ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ھېچبىر مۇسۇلمان باشقىچە قاراشتا بولمايدۇ.

بىز يەنە تۆۋەندىكى ۋەھيىدىن مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك كەڭ قورساقلىق روھىنى چۈشىنەلەيمىز: "ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر" («قۇرئان كەرىم»، 49-سۇرە، 13 ئايەت). بۇ ۋەھيىدىن شۇنى چۈشىنەلەيمىزكى، نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇققا بۆلۈنۈش — ئاللانىڭ ئىرادىسى بولۇپ ئۆزگەرمەستۇر. ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، تەبىئىي مۇھىتمۇ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئاللاتائالانىڭ يېتەكلەش ئۇسۇلى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ھەم قېرىنداشلىق سەۋەبىدىن ئۆيۈشقان قانداشلىق جەمەتىدە مۇقەررەر ھالدا ھەرخىل پەرقلەر بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار كىشىلىك ھاياتى، ئالەم، قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە بېرىش دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن زور پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا ئوخشاشمايدىغان چۈشەنچە ۋە ئەنئەنىۋى ئېتىقاد كۆز قاراشلىرىدا بولىدۇ، بۇ ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا باغلىق بولمايدۇ. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەتتىكى "ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن" دېگەن جۈملىنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئۆزئارا تونۇشسىلا ئىش پۈتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەگەر بۇنداق چۈشىنىلسە بىر تەرەپلىملىك بولىدۇ، ۋەھيىدىكى "ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن" دېگەن سۆزنى شۇنداق تونۇش كېرەككى، ھەربىر مىللەت، ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ۋە ئەۋزەللىكى بولىدۇ، گەرچە ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق ۋە ئايرىمىلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچى ئىگەمنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاتائالا بىرلا. مىللەت، ئۇرۇق ۋە جەمەتلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى تارىخىي، جۇغراپىيىلىك، دەۋر ۋە مۇھىت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار ئارىسىدا ھەم ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىك بار، ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئورتاقلىقمۇ مەۋجۇت.

«قۇرئان كەرىم» بۇ يەردە بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئالدى بىلەن مىللەت ۋە قانداشلىق جەمەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ ئاللاتائالانىڭ يارىتىش قانۇنى-قائىدىلىرى دائىرىسىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى مەۋجۇت، (ئاخىرى 46-بەتتە)

# يەنىمۇ ئۆرلە، تەڭرىتاغ ئوغلى

## — دوكتور ئاشتى خالمۇرات غوپۇرنى زىيارەت

تاشقىن



بىز ئۇيغۇرلاردا ئاقنانچى، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئالغا كەتكەنلەرنى ئۆزىچە تېخى ياراتمايدىغان، ئاتا-ئانا، ئەل-ئاغىنىلىرىنى زار-زار قاقشىتىدىغان ئىچەرمەن-چېكەرمەن، بىكار تەلەت، لايغەزەل، بىزەڭ ياشلار ئازراق بولۇپ، دوكتور خالمۇرات غوپۇر دەك جىگەرلىك، جاسارەتلىك، بىلىم چوققىسىغا توختىماي ئىنتىلىدىغان ياشلار كۆپرەك بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!» دېگەن خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغىنىمدا، مېھمان ئۆزىتىپ چىققان خالمۇرات ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئالدىمغا كېلىپ قولىنى ئۇزاتتى:

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم-ھە، ئەپەندىم!

ئۇنىڭ ۋاقتى ھەقىقەتەن بەك قىس ئىكەن. شۇڭا ئۇششۇق گەپلەرنى قويۇپ، زىيارەت قىلىپ كېلىشىمدىكى مەقسىتىمنى توپتوغرىلا ئېيتتىم.

— «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مېنىڭ جۇڭگو بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى بولۇپ تاللانغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن يوللىغان تەبرىكىگە ۋە سالىمىغا، شۇنىڭدەك ژۇرنال سەھىپىسى ئارقىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان ھىممىتىگە رەھمەت. جۇڭگونىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك نەتىجە يارىتىپ ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشقان پېشقەدەم تۆھپىكارلارغا قارىغاندا، مەن تولىمۇ تەلەيلىك ئىكەنمەن. مېنىڭ جۇڭگو بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى دېگەن تولىمۇ يۇقىرى شەرەپكە مۇشەررەپ بولۇشۇم، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىلھام، خالاس، — دېدى ئۇ.

خالمۇرات غوپۇر 1960-يىلى 3-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ-

لا ناھايىتى تىرىشچانىدى. ئۇ خەنزۇ باشلان-
غۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغىنىغا قارى-
ماي، سىنىپ بويىچە ئەلا ئوقۇپ، ساۋاقداش-
لىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمە-
تىگە ئېگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممەيلەن ئۇ-
نى سىنىپ باشلىقى ۋە ئىتتىپاق ياچېيكىسى-
نىڭ شۇجىسى قىلىپ سايلىغانىدى.

خالمۇرات تېخى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدى-
لا، 1977-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا
قاتنىشىپ، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئې-
لىپ، شاڭخەي جۇڭيى شۆيۈەنگە قوبۇل قى-
لىندى. 1982-يىلى بۇ شۆيۈەننىمۇ ئەلا نەتى-
جە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم
رايونىمىزغا قايتىپ كەلدى ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كې-
سەللىكلەر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. مۇ-
ھىت بەك ناچار ئىدى، كىتاب ئوقۇمىسا تو-
رالمايدىغان خالمۇراتقا دوختۇرخانىدا ئەقەل-
لىسى كىتاب ئوقۇغۇدەكمۇ يەر چىقمىدى.
لېكىن خالمۇرات دوختۇرخانا مەسئۇلىنىڭ
ئىشخانىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەتئىي
ئىرادىسىگە تايىنىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىق-
لارنى يېڭىپ داۋاملىق ئۆگىنىپ ۋە ئىزدى-
نىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدى-
غان تايانچ دوختۇرلاردىن بولۇش بىلەنلا قال-
ماي، داۋاملىق تىرىشىپ غەرب تېبابەتچىلى-
كى بويىچە داۋالاشنى ئۆگەندى ۋە شىنجاڭ
تېببىي شۆيۈەنىنىڭ بارلىق دەرسلىكىنى
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تاماملىدى. 1985-يى-
لى شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنى غەربچە داۋالاش
نەپەس يولى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ
ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان
ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى ۋە
1988-يىلىغا كەلگەندە ماگىستىرلىق ئۇنۋا-
نىنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد تېببىي داشۆ-
سىدە كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن
ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا قوبۇل
قىلىندى. ئۇ رۇس تىلىغا تېخى خام ئىدى،
رۇس تىلىدا ئۆتۈلگەن بەزى دەرسلەرنى، مۇ-
ئەللىمنىڭ بەزى سوئاللىرىنى ئانچە چۈشى-
نەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇ-
لاپ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ رۇس تىلى ئۆ-
گەندى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن
رۇس تىلىدىنمۇ، كاندىدات دوكتورلۇقتا ئو-
قۇش ئۈچۈن بەرگەن ئىمتىھاندىنمۇ ئەلا نەتى-
جە بىلەن ئۆتۈپ، ئۇستازلىرىنى ھەيران قال-
دۇردى ۋە ئاسپىرانتلارغا جۇڭگو تېبابىتى
بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋا-
لاش ھەققىدە دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. رو-
سىيە دوختۇرلىرى ھەم ئالىي مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىغا 368 سائەت ئىلمىي لېكسىيە ئو-
قۇدى. روسىيىدە بىرىنچى بولۇپ جۇڭگو
ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكى، ئۇيغۇر تېبابەتچى-
لىكى ۋە غەرب تېبابەتچىلىكى بويىچە داۋالاش-
نى بىرلەشتۈرۈش كافېدراسىنى قۇرۇپ،
نۇقتىلىق ھالدا زىققا كېسىلىنى داۋالاشنىڭ
نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن داۋالاش ئەمەلىيىتى-
گە كىرىشىپ كەتتى ۋە «جۇڭگو ئەنئەنىۋى
تېبابىتى بويىچە داۋالاشنىڭ سىرى»،
«كاناي شاخچىلىرىدىكى دەم سىقىلىش ۋە ئۇ-
نى جۇڭگو تېبابەتچىلىكى بويىچە داۋالاش دو-
رىلىرى» قاتارلىق بەش پارچە كىتابنى رۇس
تىلىدا يېزىپ چىقتى ھەم نەشر قىلدۇردى.
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيە، لېتۋا،
ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان خەلق-
ئارا تېببىي ئىلىم يىغىنلىرىغا ئون نەچچە
قېتىم قاتنىشىپ، ئىجادىي ئىلمىي ماقالىلى-
رىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ بەش پارچە ئىلمىي
ماقالىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
ئېلان قىلىندى. ئۇ ئوقۇتقۇچى-ئۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تازلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆپلىگەن ئىنگلىزچە، رۇسچە، ياپونچە، خەنزۇچە ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، «كانايچە زىققىسىنى دورىسىز ئونىۋېرسال داۋالاش» ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى ۋە غەرب تىبابەتچىلىكى نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ، جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكىدىكى دورىسىز داۋالاشنىڭ سەككىز خىل ئۇسۇلىنى بىر گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ كىلىنىكىدا دادىل قوللاندى ۋە ”دورىسىز داۋالاش تەتبىق قىلىنىغاندا ئورگانىزمدىكى ماددا ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكنى تۈزىتىپ، ھەرقايسى سىستېمىلارنى ۋە سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ“ دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نۇقتىئىنەزەر ۋە داۋالاش ئۇسۇلى تىبابەتچىلىك ساھاسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. روسىيە نەپەس كېسەللىكى تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، مەشھۇر نەپەس كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور سىگالىن ۋە روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى پروفېسسور سىدىروۋ قاتارلىقلار: ”خالمۇراتنىڭ بۇ ئىشى كانايچە زىققىسىنى داۋالاش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ بۆسۈش بولدى“ دەپ كۆرسەتتى.

خالمۇرات غوپۇر 1993-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى روسىيە بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان دىسسېرتاتسىيىگە قاتناشتى. ئۈچ سائەت جەريانىدا ئالىملار ئۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە سوئال سورىدى. بۇ ئۇيغۇر ئوغلى سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ ئالىملارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ 340 بەتلىك دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن بۇ دىسسېرتاتسىيىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى — ئۇنىڭغا دەرىجە ئاتلىتىپ روسىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلمىي ئۇنۋانى — ”دۆلەت تىببىي ئىلىم دوكتورى“ ئۇنۋانى بېرىلدى، بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. شۇڭا روسىيىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىم، ئاكادېمىك، سان-پېتېربۇرگ تىببىي داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، جۇملىدىن خالمۇراتنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى فېداسىيېۋ تولىمۇ ھاياجان ئىلكىدە ئالدىراپ شىنجاڭ جۇڭخېي شۆيۈەنىنىڭ باشلىقىغا خەت يېزىپ: مەن ئىنتايىن ئېپتىخارلىق ئىلكىدە سىزگە شۇنى ئېيتايكى، شۆيۈەنىڭلاردىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان خالمۇرات غوپۇرغا دەرىجە ئاتلىتىپ ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تىببىي ئىلىم دوكتورى ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ پەقەت تۆت يىل ئىچىدىلا ئېلىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانىغا — دۆلەت تىببىي ئىلىم دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەتتە ئالتە يىلدىن ئون يىلغىچە ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ مۆجىزە ياراتتى، — دېدى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئوغلى خالمۇرات غوپۇر جۇڭگو تارىخىدا مۇشۇ ئۇنۋاننى بىرىنچى قېتىم بىۋاسىتە ئالغان مۇتەخەسسىس بولۇپ قالدى. ئۇ تۆت-بەش يىل ئىچىدە ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ ھەمدە زىققا كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ بىر قاتار يېڭى ئىلمىي نەزەرىيىلىرى ھەم ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلىپ، روسىيىلىك مەشھۇر ئاكادېمىكلەرگە ئۆزىنىڭ ”شەرقتىن كەلگەن ئاجايىپ تالانت ئىگىسى“ ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، بۈيۈك ۋەتىنىمىزگە، مىللىتىمىزگە كاتتا شان-شەرەپ كەلتۈردى.

خالمۇرات يۇقىرى شان-شەرەپ بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1993-يىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

6-ئايدا، سان-پېتېربۇرگ تىببىي داشۆسى-
نىڭ ۋە ئەنگلىيەدىكى بىر دورا شىركىتىنىڭ
يۇقىرى مائاش (3مىڭ فوند ستېرلىڭ—
خەلق پۇلىغا 40مىڭ يۈەندىن ئارتۇق) بىلەن
ئېلىپ قېلىش تەكلىپىنى رەھمەت-تەشەككۈر
بىلەن رەت قىلىپ ۋەتىنىمىزگە قايتىپ
كەلدى.

چەت ئەلدە ھەر خىل جاپا-مۇشەققەت-
لەرنى يېڭىپ بىلىم تەھسىل قىلىپ، يۇقىرى
ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىپ قايتىپ كەلگەن ياش
ئالىمنى ۋەتىنىمىز كەڭ قۇچاق ئېچىپ ئىس-
سىق باغرىغا باستى، ئۇ تېگىشلىك ئىززەت-
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. شىنجاڭ جۇڭيى
شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەن-
دى، شاڭخەي جۇڭيى داشۆسى ئۇنى ئاسپې-
رانت ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇۋات-
قان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاندىدات يېتەكچى ئو-
قۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەنە شىن-
جاڭ بويىچە ئون مەشھۇر ياشنىڭ بىرى قى-
لىپ تاللاندى. جوڭگو بويىچە مەشھۇر ياش
جۇڭيى دوختۇرى، ئاپتونوم رايون بويىچە
مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ باھالاندى. ھۆ-
كۈمىتىمىز ئۇنىڭغا كەڭ، ئازادە ئۆي بەر-
دى. ھەقىقەتەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ
ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقىغا ئىگە بولدى.
لېكىن ئاساسلىق كەسپى—جۇڭگو ئەنئەنىۋى
تىبابەتچىلىكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە
غەرب تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىسىنى بىر-
لەشتۈرۈپ قوللىنىپ ۋە كۆپلىگەن كىلىنىكى-
لىق ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق مەخ-
سۇس كانايچە زىققىسى كېسەللىكىنى داۋالاش
ئىشىنى قانات يايدۇرۇشقا كېرەكلىك
شەرت-شارائىت يوق ئىدى.

ئاساسلىقى خىراجەت يوق ئىدى. قانداق
قىلىش كېرەك؟ خالمۇرات كۆتۈپ تۇرماس-
تىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا
بىر قىسىم زۆرۈر ئۈسكۈنە ۋە دورا سېتىۋې-
لىپ تەجرىبىخانا قۇردى. لېكىن ئۇنىڭ ياد-
چۇقىدىمۇ نەچچە ئون مىڭ، نەچچە يۈز مىڭ
ئامېرىكا دوللىرىغا كېلىدىغان ئۈسكۈنە-ساي-
مان سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ
دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت
جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى،
دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، دۆلەت ئىلىم-
پەن كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوندىن دۆلەت
دەرىجىلىك، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ۋە
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىرمۇنچە تەتقىقات
تېمىلىرىنى ئىلتىماس قىلدى ۋە بۇ تەتقىقات
تېمىلىرى ئۈچۈن خېلى جىق خىراجەت ھەل
قىلدى.

ئىككىنچى بىر قىيىنچىلىق، كانايچە
زىققىسى كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئۆزىنى بېغ-
شلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەملى-
كى ئىدى. شىنجاڭ كانايچە زىققىسى كېسەل-
لىكىنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى رايون
بولغاچقا، مۇشۇ كەسىپ بويىچە كۆپلىگەن
ئىقتىدارلىق دوختۇر، مۇتەخەسسىسلەر كې-
رەك ئىدى. خالمۇرات بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلىشنىڭ ئىجادىي يولىنى ئىزدىدى. ئالدى
بىلەن ئۆزىنىڭ روسىيە سان-پېتېربۇرگ
تىببىي داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، گېرما-
نىيە سىستېمىلىق تىببىي ئىلىم تەتقىقات
ئورنىنىڭ پروفېسسورى، شاڭخەي جۇڭيى
داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ جۇڭيى
شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى ھەم مۇئاۋىن باش-
لىقلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئىختى-
ساسلىق خادىم تەربىيىلەش-يېتىشتۈرۈش يو-
لىغا ماڭدى. شىنجاڭ جۇڭيى شۆيۈەندە ما-
گىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسى يوق ئىدى،
شۇڭا شاڭخەي جۇڭيى داشۆسىگە تايىنىپ
تۆت نەپەر ماگىستىر تەربىيىلىدى؛ جۇڭيى
شۆيۈەندە دوكتور تەربىيىلەش ھوقۇقى يوق

بولسا، روسىيە سان-پېتېربۇرگ تىببىي داشۆسىدىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا بىر نەپەر شىنجاڭلىقنى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن تەربىيىلەشكە قوبۇل قىلدۇردى؛ تەتقىقات ئىشىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرنەپەر تەتقىقاتچى بەكمۇ زۆرۈر ئىدى، ئۇ تەتقىقاتچىنى نورمال يول بىلەن يۆتكەپ كېلىشكە بولمىغاندا، ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تەربىيىلەش پۇلى چىقىرىپ يۆتكەپ كېلىۋالدى.

ياش ئالىمنىڭ ئالدىنى توسقان ئۈچىنچى بىر قىيىنچىلىق، تەتقىقات مەركىزىنىڭ ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇدەك شەرت-شارائىتنىڭ كەملىكى، تەجرىبىخانىنىڭ يوقلۇقى ئىدى. ئۇ بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قاتنىدى، ھەر تەرەپتىن ياردەم ۋە مەدەت سورىدى. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئاخىر رەھبەرلىكنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر شىپاخانىسىدىن ئون نەچچە ئېغىزلىق ئۆينى ئارىيەت ئېلىپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى-ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى-غەرب تىبابەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاساس نەزەرىيىسى، كلىنىكىلىق تەتقىقات ۋە يېڭى دورا ياساش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى ھەمدە 1996-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ ياتاققا كېسەل قوبۇل قىلىپ داۋالاشنى باشلىۋەتتى. خالمۇراتنىڭ مۇنداق تەسىرلىك ئىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر: ”ئەگەر ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۆز-ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى بىر دوكتورنى يېتىشتۈردى دېسەك، ئۇ ھالدا، ۋەتەنگە ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىر ئالىي روھنى يېتىشتۈردى دېسەك بولىدۇ. ئۇ پارتىيىگە، خەلققە، ۋەتەنگە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېرىۋېتىپتۇ“ دېيىشتى.

ئۇيغۇر پەرزەنتى خالمۇرات بولسا: ”پارتىيە ۋە خەلق مېنى نەچچە يۈز دېھقاننىڭ تۇرمۇش پۇلىنى سەرپ قىلىپ سان-پېتېربۇرگ تىببىي داشۆسىنىڭ تىببىي پەنلەر دوكتورى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىنىدا مېنى گۈل لوڭقىسىدەك تەكچىگە ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مېنىڭدىن خەلق ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ سالامەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلىپ بېرىدۇ دېگەن ئۈمىدنى كۈتىدۇ“ دېدى.

خەلق ئوغلى خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ. خالمۇرات 1993-يىلى 6-ئايدا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چەت ئەلدە ئىگەللىگەن بىلىمىنى ۋە يېڭى ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىغە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىشقا باشلىدى:

— ئۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كلاسسىك نەزەرىيىسى بىلەن ھازىرقى زامان تىبابەتچىلىك ئىلمىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپلىگەن كلىنىكىلىق داۋالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كانايچە زىققىسىنى جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە غەرب تىبابەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تىبابەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتتى؛

— ئۇ خەلقئارادا بىرىنچى بولۇپ كانايچە زىققىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىققا تەتقىقاتى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن يېڭى نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نەزەرىيە روسىيە، پولشا، فىنلاندىيە، گېر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق ئەل-لەردىكى تىببىي ئىلىم ئەھلىنىڭ كەڭ ما-قۇللۇقىغا ئېرىشتى.

—ئۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى «زىق-قىنىڭ نەزلىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى نەزەر-يىسى»، جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى-دىكى «خەپرۇكسىز زىققا يوق نەزەر-يىسى»، غەرب تىبابەتچىلىكىدىكى «زىققا بوللىرىنىڭ سوزۇلما ياللۇغى نەزەرىيىسى»نىڭ ئورتاقلىقى «ئەركىن رادىكاللارنىڭ زە-خىملىنىشىدە» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇ-رىغا قويدى. بۇ نۇقتىئىنەزەر 1995-يىل 2-ئايدا گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا زىققا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ ناھايى-تى يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە نەق مەيداندا ئۇلگە كۆرسىتىلگەندە ئۇنۇمى تولىمۇ ياخشى بولدى.

—خالمۇرات يەنە ئۆزىنىڭ تەتقىقات نە-تىجىسىگە ئاساسەن، زىققا نەپەس يوللىرىدى-كى سوزۇلما ياللۇغىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەركىن رادىكاللارنىڭ زە-خىملىنىشىدە، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە نەپەس يوللىرىدىكى ياللۇغلى-نىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا قاتناشقان ھۈ-جەيرىلەرنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى زىققىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، دېگەن يېڭى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇ-رىغا قويۇپ، زىققا كېسەللىكىنىڭ پەيدا بو-لۇش مېخانىزمى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇچۇن يېڭى بىر پىكىر يولى ئېچىپ بەردى.

—خالمۇرات خوتەن ئۇيغۇر تىبابەتچى-لىكى تېخنىكومىغا ياردەملىشىپ كەشپ قىل-غان يۈرەك كېسەللىكى دورىسى "ئەبرىشىم شەربىتى"نىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولدى؛ ئۆزى تەتقىق قىلىپ ئىشلە-گەن "زىققىنى بوسلاپ داۋالاش سۇيۇقلۇقى"نىڭ داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

پروفېسسور خالمۇرات غۇپۇرنىڭ يەنە «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى بۆرەكنى قۇۋۋەت-لەش ئۇسۇلى بىلەن ئەركىن رادىكاللارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئې-لىش تىبابەتچىلىكى بويىچە روسىيىدە ئۆتكۈ-زۈلگەن 2-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىلمىي مۇھا-كىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ماقالە ئالاھىدە مۇكا-پاتىغا ئېرىشتى؛ «كانايچە زىققىسىغا جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى، غەرب تىبابەتچى-لىكى بويىچە دىئاگنوز قويۇشنىڭ ئۆزئارا مۇ-ناسىۋىتى ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يېڭى يولى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى 1996-يىلى 2-ئاي-دا گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا زىققا كېسەللىكى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قى-لىپ، "غەرب تىبابەتچىلىكى دورىلىرىنىڭ قاراتمىلىق ئىشلىتىلىشى"، "جۇڭگو ئەنئە-نىۋى تىبابەتچىلىكى دورىلىرى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكى دورىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تو-لۇقلىما قىلىپ ئىشلىتىلىشى"، "جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى دورىلىرى ئارقىلىق غەرب تىبابەتچىلىكى دورىلىرىنىڭ ئەكس تە-سىرىنى تۈزىتىش" دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇ زىققىنى داۋالاشنىڭ يېڭى يۆنىلىشى، يېڭى ۋاسىتىسى ئىكەن، دەپ كۆرسەتتى. «غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تىپىدىكى زىققا ۋە مۇسەھلىنىڭ ئەركىن رادىكاللار بى-لەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى ئىزدى-نىشلەر» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىمۇ گېرمانى-

يە خەلقئارا زىققا كېسەللىكى ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىنغاندا، يىغىن ئىش-
تىراكچىلىرى بۇنى زىققا كېسەللىكى تەتقىقا-
تىدىكى يېڭى ساھە، دەپ قارىدى.

* * *

پروفېسسور خالمۇرات غۇپۇرنىڭ جۇڭ-
گو بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياش دېگەن نامغا
مۇشەررەپ بولۇشى ئۇنىڭغا تولىمۇ لايىق
كەلگەن، بۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن شە-
رەپ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت ياشلىرى ئۇچۇنمۇ شەرەپ. ئۇنىڭ بۇ-
گۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىشى ئۇنىڭ
ۋەتەننى، شىنجاڭنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى
سۆيىدىغان ئەقىدىسىدىن، شۇنداقلا قەتئىي
ھالدا ۋەتەن ئۇچۇن شان-شەرەپ كەلتۈرىدى-
غان روھىدىن، ئاندىن قالسا چەت ئەلدە مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى
قىيىن ئۆتكەللەرگە تېخىمۇ تىرىشىپ "ھۇ-
جۇم" قوزغىغانلىقىدىن بولغان.

20-ئەسىر ئاخىرلىشىپ 21-ئەسىر
باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ مىس-
لىسىز چوڭ تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قوي-
دى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تە-
رەققىياتى جەمئىيىتىمىزنى مىسلىسىز گۈل-
لىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش
ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈ-
چۈن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئوبدان
شارائىت يارىتىپ بەردى. مۇشۇنداق دەۋرگە
يۈزلەنگەن شىنجاڭ ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە
ئۆسمۈرلىرى ھەممە چەت ئەللەردە بىلىم
تەھسىل قىلىۋاتقان ياشلار دوكتور خالمۇرات-
تىن ئۈگىنىشى، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەل-
لىسىگە ئۆرلەش يولىدا تىنماي ئالغا ئىلگىرى-
لىشى، قانائەتچانلىقنى، بىلەرمەنلىكنى يې-
ڭىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە چىڭ تۇ-
تۇپ، بىرەر يارامىلىق ئىش قىلىش يولىدا
تىرىشىشى لازىم.

ھازىر دوكتور خالمۇرات باشچىلىقىدى-
كى شىنجاڭ تەتقىقات ۋە داۋالاش مەركىزىدى-
كى تىببىي خادىملار ئۆزلىرى ئىلتىماس قى-
لىپ قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات تېمىلىرى
ئۈستىدە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۇ-
لار "شىنجاڭدا پۈت تىرەپ، مەملىكەتكە تە-
سىر كۆرسىتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىمىز" دې-
گەن جاراڭلىق شوئار ئاستىدا، ئۇيغۇر تىبا-
بەتچىلىكىدىكى مېخانىزمنى تەتقىق قىلىپ،
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن
كۈچىنى قېزىپ، جۇڭگو ئەنئەنىۋى تىبابەت-
چىلىكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە غەرب تى-
بابەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تىبابەتچىلىكنى
بىرلەشتۈرۈشنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئېچىپ،
شىنجاڭ تىبابەتچىلىكىنى يېڭى تۇسكە ئىگە
قىلىپ، ئۇنى دۇنيا تىبابەتچىلىكى بىلەن تۇ-
تاشتۇرۇش يولىدا تىرىشماقتا.

خالمۇرات غايىلىك ياش. ئۇنىڭ غايىسى
ئون نەپەر دوكتور يېتىشتۈرۈش، پۈتۈن يەر
شارىغا تارقىلىدىغان ئىككى خىل يېڭى دورا
كەشپ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىلىم سىستېمى-
سىنى قۇرۇپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ئىجا-
دىي خىزمىتى بىلەن 21-ئەسىرنى كۈ-
تۈۋېلىش!

ئۇنىڭ ئوت-ئاتەش يۈرىكى توختىماي
سوقماقتا، ئەقىل-پاراستى ئۆرلىمەكتە.
بىز ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ توختى-
ماي ئىلگىرلەپ، يېڭى ۋە تېخىمۇ زور مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى تىلەيمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# نامراتلارنىڭ يۆلەنچۈكى، يېتىملارنىڭ ئاتىسى

ياقۇپ ھاجى

يەكەن ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇنى بەكمۇ ماختىشىدۇ ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كىشى يەكەن بازىرى 8-ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ھازىر بازار جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەم خاتىپى.

ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئالتە جان داشقازان تامىقىنى يەيدىغان مەزگىللەردە كۈن بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ تۇرمۇشىنى ئىنتايىن جاپالىق ئۆتكۈزەتتى، 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھاللىق سەۋيىگە يۈرۈش قىلىش سىياسىتى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، قولىدا بار ۋەجى ۋە بانكىدىن ئالغان مىڭ يۈەن قەرز بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي بولغان تاتلىق يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننى يېتەكلەپ، ناۋات، كەمپۈت، پېچىنە-پىرەنىك قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تازىلىق ۋە تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىپ ھەم ئۇنى بازارغا سېلىپ، بىر يىلدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىپ، يەكەن ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە ھالال ئەمگەكى ئارقىلىق باي بولغانلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى.

ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ 1986-يىلى ئەمگەك تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 71 نەپەر ياشنى زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم ئىشسىز ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. ھاجىم ھازىر ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانىنى 140قا يەتكۈزۈپ، ئىش ئۈنۈمىگە قاراپ ھەق بېرىش ۋە ھەرقايسى سېخلارنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تۈركۈمگە ئايرىپ، ئۇلارنى تېخنىكىسى يۇقىرى زاۋۇت-كارخانىلارغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا سەۋيىسىنى كېڭەيتتى، نەزەر دائىرىسىنى ئۆستۈردى. ئۇ يەنە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، زاۋۇتتا خېلى مۇكەممەل بولغان ھەر خىل پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى. خىزمەتچىلەرنى ھەر يىلى 10-ئايدا قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق قوشنا ۋىلايەت، شەھەرلەرگە ئېكسكۇرسىيە ھەم ساياھەتكە ئاپاردى، بۇنىڭغا كېتىدىغان راسخوتنىڭ ھەممىسىنى زاۋۇت مالىيىسىدىن چىقاردى.

ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم باھادا ئادىل، مۇئامىلىدە قىزغىن بولۇپ، كوللېكتىپ ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. ھازىر ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى قاغىلىق، خوتەن، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا خېرىدارلار قىزغىن سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات بولۇپ قالدى. ئۇ ئىش-

لەپچىقارغان مەھسۇلات تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن ئىشەنچلىك مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كارخانىسى ھازىر كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىپ، مول ھاياتي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم مەھسۇلات سۈپىتىنى باشتىن ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئىناۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، خېرىدارلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ كارخانىسى ھەر يىلى ناھىيە بويىچە "ئىلغار كارخانا"، "مەدەنىيەتلىك ئورۇن" بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مۇقىم مۈلكى، 300 مىڭ يۈەن سەرمايىسى بار؛ يىللىق ساپ كىرىمى 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 8300 يۈەن؛ ئۇ 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەتكە 180 مىڭ يۈەن باج ۋە بازار باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇردى.

ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم باي بولغاندا مائارىپقا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات، يېتىم-يېسىر، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشنى ئۇنتۇمىدى. 1992-يىلدىن بېرى ئۇ ئۆز مەھەللىسى تەۋەسىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان 17 كىشىنىڭ ھەربىرىگە مۇۋاپىق مىقداردا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى ھەم 3600 كىلوگرام ئاق ئاشلىق، 168 قۇر كىيىم-كېچەك، 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدە قىشلىق كۆمۈر تارقىتىپ بەردى، ئىگە-چاقىسى يوق ئۈچ مېيىپنى ئۆز ئائىلىسىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى تۇرمۇش جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى.

شۇ يىلى ئۇ مائارىپ تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان 12 بالىنى ئۆز ھامىيسىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئائىلىسىگە يۆتكەپ كېلىپ، بازار 8-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئۆگىنىش ۋە ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. بەش يىلدىن بېرى ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك چىقىملىرى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېرى شۇكى، بۇ مۆتىۋەر زات بۇ بالىلارنى مەيلى نەچچە پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى خىزمەتلىك، تۇرمۇشلۇق بولغۇچە ئوقۇتۇپ، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشىدىغان كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەيمەن دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

1992-يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇ زاۋۇتقا يېقىن بىر مەكتەپكە بېرىپ ئەھۋال ئىگەللىگەندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىرىگە قىيىنچىلىقى بار 14 ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب ۋە بەدەل پۇلى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بەردى ھەمدە ئۇلارنى بازارغا ئاپىرىپ، ھەربىرىگە بىرقۇر كىيىم-كېچەك، ئاياغ، دوپپا، ياغلىق ئېلىپ بېرىپ، خاتىرجەم ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم يەنە 1993-يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىغە 2 مىڭ 160 يۈەن، 1994-يىلى 2 مىڭ 50 يۈەن، 1996-يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىگە يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەننى، خەلقنى، مائارىپنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

ئۇ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار 13 ئائىلە پەرزەنتلىرىگە ھەر يىلى ھېيت-بايراملاردا كىيىم-كېچەك، ھېيتلىق خىراجەت بولۇپ، 2 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېيتلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھېيتىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىپ كەلدى.

1990-يىلى ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۇرمۇش يولى تاپالماي ئازغان 14 نەپەر ياشقا كۆپ قېتىم تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، يامان يولدىن توسۇپ، ئۇلارنى ئۆز زاۋۇتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى مۇكەممەل تېخنىكا ئىگىلەپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ماھىرلاردىن بولۇپ قالدى.

ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم بىلەن بىرلىكتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ توققۇز قارار ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشقا كۈچ چىقاردى، بۇ كۇرستا 754 كىشى تەربىيىلىنىپ، بىر قىسىم چەت يېزا-بازارلاردا دىنىي خادىم كەم بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇ ئارقىلىق كەڭ جامائەتنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇ ئىماملىق قىلغان 25 يىلدىن بېرى كەڭ مۇسۇلمانلارغا «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ، فىقھە كىتابلىرىنى تەبلىغ-ئەھكام قىلىپ ۋە ۋەز ئېيتىپ، ئۇلارنى دىنىي ئىشلارنى نورمال دائىرىدە ئېلىپ بېرىش، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇشقا يېتەكلىدى، شۇنداقلا مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامدىشى جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىمنىڭ يۇقىرىقىدەك ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ۋە مائارىپنى قوللاش روھى كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ”نامراتلارنىڭ يۆلەنچۈكى، يېتىملارنىڭ ئاتىسى“ دەپ تەرىپلىمەكتە.

1989-يىلدىن باشلاپ ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە. 1990-يىلدىن بېرى ئۇ ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە ”بەشتە ياخشى دىنىي زات“، ”ئىلغار كارخانىچى“، ”ھالال ئەمگەككە تايىنىپ باي بولغان دىنىي زات“، ”مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى“، ئۇ ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىت ”بەشتە ياخشى مەسچىت“ بولۇپ باھالىنىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ھازىر ئۇ تۈرلۈك ئاممىۋى سورۇنلاردا پارتىيىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەم ئۆزىنىڭ باي بولۇش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ، باشقىلارنى ھالال ئەمگەك قىلىپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئورتاق گۈللىنىش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بىز بۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تىلەكداشمىز.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىدىن.)

# بېيىش يولىدىكى باشلامچى

ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا 18-كەنت 6-مەھەللىدىكى رەھمىتۇللا قارىي ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېغىزدا دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۆز كەنتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەۋاتقان ئابرويلۇق دىنىي زاتلارنىڭ بىرى.

ئۇ يېقىندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنى كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، ياشلارغا قارىتا دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئەخلاق تەربىيىسى، ئىتتىپاقلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىكار ئۆتكۈزمەي، ھالال ئەمگەك بىلەن قەددىنى كۆتۈرۈشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇ ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، چارۋا بېقىپ، باغ ئەھيا قىلىپ، كۆكتات ئۆستۈرۈپ، يىللىق كىرىمىنى 23 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى ھەم ئۇنىڭ بىر قىسمىنى شۇ كەنتتەكى نامراتلارغا ياردەم قىلدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان مەھەللىسىدىكى نامرات قېرىنداشلىرىغا 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، 1500 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن باشقا، مائارىپ ئۈچۈن 500 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇ ھەر يىلى تېرىم، يىغىم ۋاقتىدا يېتىم-يېسىر، تۇل ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، تۆت يىلدىن بېرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلەشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك ئىش-ئىزلىرى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلۇپ، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

(سايرا يۈسۈپ)

# دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى پوسكام ناھىيە سەيلى يېزىسى دىنىي ساھەدىكىلەرنى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇپ، جەمئىيەت، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ يېزىغا تەۋە يېڭىباغ كەنتىدىكى 17 نەپەر دىنىي زات 1996-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى كەنت مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى مىڭ دانە دەپتەر، مىڭ دانە قېرىنداش تارقىتىپ بەردى. قىيىنچىلىقى بار 17 نەپەر ئوقۇغۇچىغا سەككىز يۈز يۈەن ياردەم بەرگەندىن باشقا، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ يىللىق ئوقۇش بەدەل پۇلىنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەردى ھەمدە بەش توننا كۆمۈر، سەككىز خارۋا ئوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ، ئۇلارنى ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مائارىپنى قوللاپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇلار يەنە كەنت تەۋەسىدىكى ئون نامرات ئائىلىگە ئۈچ مىڭ جىڭ ئاشلىق، ئوتتۇز قۇر كىيىم-كېچەك، توققۇز يۈز يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ 50 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بېرىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## پەيزىۋات ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى

پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئامما ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

پەيزىۋات ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلارغا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، دىنىي زاتلار ئىچىدىكى ئۈلگىلىك ئادەم، ئۈلگىلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، ئۇلارنى نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، مائارىپنى قوللاش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارغا خەيرلىك قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى ئالدىن باي بولغان 93 دىنىي زات 1996-يىلى ئىچىدە 191 نامرات ئائىلىگە نەق پۇل ۋە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك بولۇپ جەمئىي 58 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى ھەمدە كەڭ جامائەتچىلىككە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، جەمئىيەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە بۇ جەھەتلەردە ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## مەرىپەتپەرۋەر ۋە ساخاۋەتلىك دىنىي زات

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، سېرىقبۇيا بازىرى يېڭى مەھەللە كەنتى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى،

"بەشتە ياخشى دىنىي زات" قاسىم قارىي ھاجىمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر بۇ مەرىپەتپەرۋەر ۋە ساخاۋەت ئىگىسىنى ئېغىز-ئېغىزغا تەگمەي ماختىشىدۇ ۋە ھۆرمەتلىشىدۇ.

ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياش دەۋرلىرىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ھەمدە يوقسۇلچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان قاسىم قارىي ھاجىم پارتىيىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە يېزىلاردا يەرلەرنى ئائىلەلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئائىلىسىدىكى ئالتە نەپەر ئەمگەك كۈچىنى ياخشى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس، باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى. ھۆددە ئالغان 39 موبېيىرنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلدى ھەمدە چارۋا بورداش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە 1995-يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 35 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئائىلىسىدىكى ھەربىر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 5800 يۈەندىن توختىغاندى. 1996-يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 1995-يىلدىكىدىن بىر يېرىم ھەسسە ئېشىپ، مارالبېشى ناھىيىسىدە ئالدىن باي بولغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

قاسىم قارىي ھاجىم باي بولغاندا يۇرتىنى، خەلقىنى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇلىنى جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلدى. ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپ-ئىشخانىلىرىنىڭ خەتەرلىك بولۇپ قېلىپ، مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا تەسىر يېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قاسىم قارىي ھاجىم كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختىنى ئويلاپ، ئايالى بىلەن ئوغلىنى ھەج قىلدۇرۇشقا ھەمدە ئۆزىنىڭ 1970-يىللاردا سېلىنغان كونا ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ ياساشقا تەييارلىغان پۇلىنى چىقىم قىلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى يېڭىدىن ياساپ چىقىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شۇ يىلى 5-ئايدا مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاپ، 11-ئايدا 350 كۋادرات مېتىرلىق پىششىق خىشلىق-تۆمۈر دەرۋازىلىق يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 197 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدى.

بۇ يىل 1-ئاينىڭ باشلىرىدا قاسىم قارىي ھاجىم قوشنا كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ جەھەتتە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى، شۇ سەۋەب بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تولۇق كەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئائىلە باشلىقلىرىمۇ پەرزەنتلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپكە ئەۋەتمەي، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ مەكتەپكە ئون تونىنا كۆمۈر ئەكەلدۈرۈپ بەردى ۋە قىيىنچىلىقى بار 37 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىنى، دەپتەر-كىتاب پۇللىرىنى تۆلەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، پەرزەنتلەرنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى.

1995-يىلى قاسىم قارىي ھاجىم ئۆز كەنتى تەۋەسىدىكى بىر چوڭ كۆل ئەتراپىغا 180 مېتىر دائىرە تام ئەتكۈزۈپ بېرىپ، ئىل-

uyghurkitap.com

گىرىكىدەك ئادەم بىلەن ھايۋان تەڭ سۇ ئىچىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بەردى. بۇ كۆل قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەمئىي 11 مىڭ 700 يۈەن پۇل سەرپ قىلدى.

قاسىم قارىي ھاجىم بىرقانچە يىلدىن بېرى، ئۆز كەنتى ۋە قوشنا كەنتلەردىكى يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپ، كېسەل، "بەشتە كاپالەت" 42 ئائىلىگە 19 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 1150 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

1994-يىل قاسىم قارىي ھاجىم ئۆزى ئىمامىلىق قىلىۋاتقان مەسچىت كونىراپ خەتەرلىك بولۇپ قالغاندا، دىنىي پائالىيەتنى نورمال ئېلىپ بېرىش، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ خاتىرجەم ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن، ئاممىغا سېلىق چاچماي ۋە ئۇلارنىڭ خالىس ئېلىپ كەلگەن ئىئانىسىمۇ قوبۇل قىلماي، ئۆز يېنىدىن 60 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، تەستىق ئېلىپ مەسچىتنى ياساپ، جامائەتنىڭ خاتىرجەم ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

مەزكۇرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئامما بۇ مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەت ئىگىسىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتى. بۇلتۇر 5-ئاينىڭ 24-كۈنى ناھىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش كومىتېتى سىرىقبۇيا بازىرىدا ئاچقان "مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى"دا ناھىيە رەھبەرلىرى قاسىم قارىي ھاجىمنىڭ دۆلەتنى، خەلقنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئويلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مائارىپنى قوللاپ مەكتەپ سالدۇرغان ھەمدە تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنى قىلغان بۇ ئالىيجاناب ساخاۋەتلىك ئىشىنى تەقدىرلىدى ۋە كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قاسىم قارىي ھاجىمنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى. ئۇ 1991-يىلدىن بېرى ناھىيە، ۋىلايەت تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنى زات"، "مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى"، "ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولغان دىنىي زات" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، ئۇ ئىمامىلىق قىلىۋاتقان مەسچىت "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، ئىقتىساد ياخشىلىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىر قىسمى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشقا يۈزلەندى. بىر قىسمى ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى. ئەمما يەنە نامراتلىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بىر قىسىم مەكتەپلەر كونىراپ ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نورمال ئوقۇشىغا تەسىر يەتمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قاسىم قارىي ھاجىمغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان، ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەردۇر. بىز مەزكۇرنىڭ بۇ يولدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشمىز.

(ياقۇپ ھاجى)

# مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ رەتلىنىشى

ئۆمەرجان مۇھەممەت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى بولغان بۈيۈك دەستۇر «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھەرىكەت نىزامنامىسى بولۇشقا ئەڭ لايىق بولۇپ، ئاللاتائالا ئۇنى نازىل قىلىشتا ئۆز رەھمىتى بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا رېئال تۇرمۇشقا ئۇيغۇن ھەم كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىغا مۇۋاپىق قىلىپ، 23 يىل جەريانىدا تەدرىجىي نازىل قىلىپ مۇكەممەل تاماملىغان. ئاللاتائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى بىرلا ۋاقىتتا نازىل قىلماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئېتىقادلىرىدا ئۇنى بىراقلا قوبۇل قىلالايدىغان ئىمكانىيەت ھازىرلانمىغانىدى. ئالالاتائالا شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي دەستۇرنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تېز ئەستە قالدۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئالىقانداق شەك-شۈبھىلەرنى ۋە كۆڭلىدىكى غەلىتە خىياللارنى چىقىرىپ تاشلىغان، ئاندىن «قۇرئان كەرىم»نى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھەم مۇكەممەل، شۇنداقلا قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە لايىق، قارشى تۇرغۇچىلارنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان تەڭداشسىز مۆجىزە قىلىپ نازىل قىلغان.

ئالالاتائالا «قۇرئا كەرىم»نى 23 يىل جەريانىدا نازىل قىلغان بولۇپ، تۇنجى نازىل قىلغان ئايەت "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى" (96-سۈرە، 1-، 2-، 3-، 4-ئايەتلەر)؛ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلغان ئايەت "بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم" (5-سۈرە، 3-ئايەت). بۇ ئايەت ھەججەتۇل ۋىدا (خوشلىشىش ھەجى) بولغان كۈنى كىشىلەر ئەرەفاتتا تۇرغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان، مۇسۇلمانلارمۇ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ۋۇجۇدىنى ئالالاغا باغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشىۋاتقاندا نازىل بولغان بولۇپ، مۇشۇ كۈندىن 81 كۈن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان.

«قۇرئان كەرىم»دە 114 سۈرە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 86 سۈرە ھىجرەت (مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىش)تىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغاچقا "مەككىيە" دەپ ئاتالغان. قالغان 28 سۈرە ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، "مەدىنىيە" دەپ ئاتالغان.

«قۇرئان كەرىم» بىر ئايەت، ئىككى ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەكتىن نازىل قىلىنىغان بولۇپ، پەقەت سۈرە پاتىھە ۋە سۈرە ئىخلاس قاتارلىق بىر قىسىم پۈتۈن سۈرىلەر پۈتۈن نازىل قىلىنغان.

بىرەر ئايەت ياكى بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ توختىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بۇ ئايەتلەرنى دەرھال ياد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىۋېلىشنى ھەم ئىېسىدە چىڭ تۇتۇشىنى
تاپىلايتتى، ئۇلار يادلىغاندىن كېيىن بىرقۇر
ئاڭلاپ تەستىقلايتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن
ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادلاپ
چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت نازىل بولغان ئا-
يەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرۇش ئۇ-
چۇن زەيد ئىبنى سابىت، ئەلى ئىبنى ئەبۇ
تالىپ، ئوسمان ئىبنى ئەپپان، ئەبدۇللا
ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئۇبەي
ئىبنى كەئەب، ئەبدۇللا ئىبنى سالا، مۇئاۋى-
يە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ۋە ئۇلاردىن باشقا
نۇرغۇن ساھابىلەرنى كاتىپلىققا ئورۇنلاش-
تۇرغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېي-
تىپ بەرگەن ئايەتلەرنى تاغاقچە، خورما ياپ-
راقلىرى، تاش پارچىلىرى قاتارلىق نەرسى-
لەرگە ۋاقىتلىق يېزىپ قالدۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە «-
قۇرئان كەرىم» نى ئۆگەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ
تەرتىپى بويىچە ئۆگىنىپ ئەستە قالدۇرۇشقا
ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، بولۇپمۇ ئۇ-
زۇن سۈرىلەرنى بەزىدە نامازدا ئوقۇش ئارقى-
لىق، بەزىدە نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇش ئار-
قىلىق نۇرغۇن ساھابىلەرگە ئۆگەتكەنىدى.
ساھابىلەر ئۆگەنگەنلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ ئالدىدا يەنە بىرقۇر ئۆتكۈزگەن-
دىن كېيىن، ئاندىن خاتىرجەم بولۇشاتتى.

«قۇرئان كەرىم» تولۇق نازىل بولغان-
دىن كېيىن، جەبرىئىل پەرىشتە پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى تەرتىپى بويىچە ئىككى
قېتىم ئوقۇپ بەرگەن بولۇپ، نۇرغۇن ساھا-
بىلەر ئۇنى شۇ تەرتىپ بويىچە تولۇق يادلى-
ۋالغان. لېكىن بۇ چاغدا «قۇرئان كەرىم»
تېخى توپلام قىلىنماي، ھەر خىل نەرسىلەر-
گە ئايرىم-ئايرىم يېزىلغانىدى، بۇلار توپلان-
مىغان چاغدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخى-
رەتكە سەپەر قىلدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق
(ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) خەلىپە بول-
غان دەۋرگە كەلگەندە، ئاندىن ئۇلار توپلاپ
رەتلەپ چىقىلدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغان:
ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولۇپ ئىككى يىلدىن
كېيىن ئۆمەر (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بول-
سۇن) ئەبۇ بەكرىگە مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ:
”«قۇرئان كەرىم» نى بىلىدىغان ھەم يادلاپ
ئالغان ساھابىلەر جەڭ قىلىشقا خۇددى پەر-
ۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئۇرۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، ئۇلار
جەڭدە شېھىت بولۇپ كېتىپ قالسا، قۇرئان
زايە بولۇپ كەتكۈدەك، شۇڭا قۇرئاننى بىر
جەملەپ قويغان بولسىلا!“. ئەبۇ بەكرى بۇ
تەكلىپنى ئاڭلاپ ناھايىتى چېچىلىدۇ ۋە:
”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان ئىشنى
مەن قىلىمەنمۇ؟“ دەيدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كې-
لىشەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەبۇ بەكرى پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى
زەيد ئىبنى سابىتنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ-
غا ئۆمەرنىڭ تەكلىپى توغرۇلۇق مەسلىھەت
سالىدۇ. بۇ چاغدا زەيدمۇ: ”پەيغەمبەر ئە-
لەيھىسسالام قىلمىغان ئىشنى بىز قىلام-
دۇق؟“ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۆمەر سۆزىدىن
يانماي: ”ئىككىڭلار مۇشۇ ئىشنى بىر قى-
لىپ باقساڭلار بولاتتى، ئاللاتائالا بىلەن قە-
سەم قىلىمەنكى، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چو-
قۇم ياخشى بولاتتى“ دەپ ئۇ ئىككىسىنى ئا-
خىرى قايىل قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ بەكرى زەيد ئىب-
نى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئەب، ئەلى ئىب-
نى ئەبۇ تالىپ، ئوسمان ئىبنى ئەپپان قاتار-
لىق ئىشەنچلىك قارىيلارنى يىغىپ قۇرئاننى
رەتلەپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئە-
لەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يازدۇرۇل-
غان ئايەت نۇسخىلىرىنى يىغىپ، قارىيلارنى

يادقا ئوقۇتۇپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، «سۈرە تەۋبە»نىڭ ئاخىرىدىكى (9-سۈرە، 128—129-ئايەتلەر) ئىككى ئايەت يېزىلغان پارچىنى ئۇچرىتالمايدۇ، كۆپ ئىزدەش ئارقىلىق بۇ ئايەتنىڭ خاتىرىسىنى مەدىنىلىك ئەبۇ خۇزەيمە ئىبنى ئەۋس دېگەن كىشىنىڭ يېنىدىن تاپىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۈرە «ئەھزاپ»نىڭ بىر ئايىتىنى (33-سۈرە، 23-ئايەتنى) ئىزدەش، سوراش ئارقىلىق خۇزەيمە ئىبنى سابىتنىڭ يېنىدىن تاپىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇ ئايەت خاتىرىلىرى بىر يەرگە جەملەنگەندىن كېيىن ئالاھىدە توپلام قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن تەرتىپ بويىچە ھازىرقى ھالەتتىكى قۇرئان شەكلىدە يېزىپ چىقىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاشۇ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسى تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا ساقلىنىدۇ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ يېنىدا ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەرنىڭ قىزى ھەپسە (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ يېنىدا ساقلىنىپ، ئوسمان خەلىپە دەۋرىگە كەلگەندە رەسمىي تارقىتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقى نۇسخىلىرى شۇنىڭدىن كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل نەشر قىلىنىدى، باشقا تىللارغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى ھەم نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى.)

## سەككىز ياشلىق قارىي قىز

1995-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، 105 دۆلەتتىن 297 نەپەر قارىي قاتناشقان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئالىي مۇكاپاتلىق دۇنيا قىرائەت مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىكنى ئالغان يۇسۇف قارىي (مىسىردىن) بىلەن مىسىرنىڭ رايون خاراكتېرلىك (دۆلەتلىك) قىرائەت مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىكنى ئالغان مەمدۇھ قارىينىڭ ھەر ئىككىلىسىلا يەتتە ياشلىق بالا ئىدى، يەنە كېلىپ مەمدۇھ قارىي ئەما (قارىغۇ) ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسىلا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلىدىغان ھاپىز (پۈتۈن قارىي) ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىدا، مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك بۇ ئىشنى بىر مۆجىزە دەپ ئاتاپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا مەمدۇھ قارىيغا بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 2 مىڭ جۇنەيھى (مىسىر فوندى) دىن 20 مىڭ جۇنەيھىگە ئۆستۈرۈپ بەرگەنىدى.

يېقىندا، يەمەن جۇمھۇرىيىتىدىن ئەيما غەففار ئىسىملىك، ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم“نى پۈتۈنلەي تەجۋىد بويىچە يادقا قىرائەت قىلالايدىغان بىر قارىي قىز چىقتى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا قىرائەت قىلالايلا قالماستىن، يەنە 500 ھەدىسنىمۇ يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدىكەن. ئۇ يەنە «ئەرەب تىلى ستىلىستىكىسى» ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى بەزى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ شېئىر-نەزمىگە دائىر ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ھازىر ”فەقىھ ۋە ئۆلىمالار مەجلىسى“نىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەيما ئۇنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزى ئۇنىڭ ھالىدىن ۋە ئوقۇشىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئاپتۇ، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپلا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى يادلاتقۇزۇپتۇ، ئەدىن شەھىرىدىكى بىر ئا-

www.uyghurkitap.com

لىي مەكتەپكە يېقىن بىر جايدىن ئۆزىگە
ئىنتايىن پاكىز ۋە تىپتىنچ بىر ئېغىز ئۆينى
ئالاھىدە ئىجارىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.
ئەيما يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگە-
شىپ، ئاللاتائالا ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئەقى-
پاراستىنى نامايان قىلىشقا باشلاپتۇ.
(مەھمۇدى)


---

(بېشى 48-بەتتە) ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئا-
ساسەن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-
ساددا ئۆتكۈزگەن؛ ئۇنىڭ قىرقى نەزىرىسىگە
تەييارلىغان تۆت مىڭ يۈەن پۇلنى مەرھۇمە-
نىڭ قورغاس ناھىيىسىدىكى ئانا مەكتىپى
"خەيرىيە" باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى يېتىم-
يېسىر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئىئانە
قىلغان.
يېقىندا يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-
ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن
ئۆز دادىسىنىڭ نەزىرىسى ئۈچۈن تەييارلىغان
بەش مىڭ يۈەن پۇلنى مائارىپقا ئىئانە قى-
لىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن ياخشى تەسىرات
پەيدا قىلغان.
مىللىتىمىز ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ يۇ-
قىرىقىدەك ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قوللاپ ۋە
جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ھەربىر مۇسۇل-
ماننىڭ بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بۇرچى.
كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرىدىكى نەمۇنىلەر-
نى ئۈلگە قىلىپ، نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن
ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشكە ۋە بۇ
خىل ئېسىل ئەنئەنىنى جەمئىيەتتە ئومۇمىي
كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشقا تىلەكداشمىز.
(مەھمۇدى)

---

(بېشى 28-بەتتە) ھازىر مەۋجۇت بولۇپلا
قالماستىن، كەلگۈسىدىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بو-
لىۋېرىدۇ. بۇ يەردە "ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار
ئۈچۈن" دېيىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت تە-
رەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۆزئارا سې-
لىشتۇرۇش، ئۆزئارا رىقابەتلىشىش جەريانى-
دىن ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت
قىلىنغان. ۋەھىيدە ئېيتىلغان ئۆزئارا تونۇ-
شۇشۇش قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقى بى-
لەن ئۆزئارا تونۇشۇش، يەنى ئۆزىنىڭ يېتىش-
سىزلىكىنى تونۇش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچى-
لىقىغا توغرا باھا بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئۆزئا-
را يۈكسىلىش دېگەنلىكتۇر. تېخىمۇ مۇھىمى
تۆۋەندىكى بىر جۈملە—"ھەقىقەتەن ئەڭ تەق-
ۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ
ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر" دېگەن جۈملى-
دۇر. بۇ دېمەك، چوڭ تەرەپتىن مىللەت،
ئۇرۇقتىن تارتىپ، كىچىك تەرەپتىن ھەربى-
رىمىزگىچە ھەممىنىڭ ھۆرمەتلىك بولۇش
دەرىجىسىنىڭ تىزىلىشى ئاللا ياراتقانلىقىنى
گەۋدىلەندۈرۈش قىممىتى ئارقىلىق بولىدۇ،
كىمكى ئەڭ كەمتەر-ئېھتىياتچان بولىدى-
كەن، كىمكى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەشكە
ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىكەن ۋە سىناق داۋامىدا
ھاياتلىق بۇرچىنى يەنى ئاللانىڭ يارىتىشتىكى
مۇددىئاسىنى توغرا ئادا قىلالايدىكەن، ئۇ تە-
بىئىي ھالدا ئالدىنقى قاتارغا تىزىلىدۇ، ئۇ،
ھەم ئامما ئېتىراپ قىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدى-
غان، ھەم ئاللاتائالامۇ ياخشى كۆرىدىغان بەن-
دە بولىدۇ. ئاللاتائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن
ئادەم سەمىمىي، ساپ دىل، كۆڭلى-كۆكسى
كەڭ، بولۇپمۇ سۆزىدە ۋە ھەرىكىتىدە ئېھتى-
ياتچان بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭكىنىلا
راست دەپ ئېسەنكىرەپ كەتمەسلىكى لازىم.

# بۇگۇر ناھىيە يېڭىسار يېزىسىدا يېڭىدىن سېلىنغان جامە مەسچىتى



بۇ جامە مەسچىت يېڭىسار يېزىسىنىڭ بازىرى ئىچىگە، يېزا مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تاش يولى بويىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ مەسچىت مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى، يېڭىسار يېزىسى بىلەن تىرەك بازار يېزىسى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، 1988-يىلى سېلىنىشقا باشلاپ، 1992-يىلى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى. مەسچىت ئىگەللىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 12.57مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى 6.5مو يەرنى ئىگەللەيدۇ. مەسچىت خانىقاسى ۋە ئازادە ھويلىسىدىن باشقا، 2.07مو يەرگە يەتتە ئېغىزلىق سۇننەت ئۆيى ۋە ھاجەتخانا، 13 ئېغىزلىق تىجارەت دۇكىنى، سەككىز ئېغىزلىق ئىشخانا، ئامبار سېلىنغان. تۆت مو يەرگە ئورمان قويۇلغان بولۇپ، مەسچىت ھويلىسىدىكى ئۈچ مو يەرگە قويۇلغان نەشپۈت دەرەخلىرى ھازىر راسا مېۋىگە كىردى. بۇ مەسچىت ئۆزىنىڭ قو شۇمچە ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆز قامداش ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويماقتا

بۇ مەسچىتتە ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا ئىككى يېزىدىن 7-8 مىڭدەك مۇسۇلمان ئامىسى ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ھەر جۈمە كۈنى تۆت مىڭ ئەتراپىدا مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزى ئوقۇپ قايتىدۇ. ئىمام، خاتىپە، مەزىن قاتارلىق توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەسچىتنى ھەر جەھەتتىن ياخشى باشقۇرغاچقا، كەڭ ئېتىقادچى ئامما مەمنۇن بولماقتا.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەزىر-چىراغ ھەققىدىن خەير-ساخاۋەت

شىنجاڭ رايونىدا ھەر ساھەدىكىلەر، جۇملىدىن دىنىي زاتلىرىمىز توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغلارنى ھەشەمەتلىك قىلماستىن ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسىنى چىقارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا نەزىر-چىراغقا تەييارلىغان پۇللىرىنى خەير-ساخاۋەتكە ئاتاپ، كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا ياخشى تەسىرات پەيدا قىلغان خۇشاللىنارلىق ئىشلار كەينى-كەينىدىن نامايان بولماقتا. بۇنداق قىلىش مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ھەم تەشەببۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن. ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە دىنىي زاتلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە تەپسىر كىتابلاردىن نەقىل ئېلىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسلىرىنى چىقارغانىدى.

يېقىندا چاقىرىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5-يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەش 7-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دىنىي زات ۋەكىلى ئەمەت ھاجى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئابدۇرەقىب تۆمۈر نىياز داموللاھاجى مەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، ھازىر جەمئىيەتتە، مىللىتىمىزدە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ جەھەتتە كۆرۈلۈۋاتقان ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىق، ئۆزئارا بەسلىشىشكە ئوخشاش ناچار كەيپىياتلارنى تۈگىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزا چاھارباغ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئوسمان شاھ ھاجى 1996-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغانىدى. كەڭ مۇسۇلمانلار پۇل يىغىش قىلىپ، مەرھۇمغا چوڭ گۈمبەزلىك قەبرە ياساش تەلىپىنى قويغانىدى، مەرھۇمنىڭ يەتتە پەرزەنتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما مەرھۇم يېزىپ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بولۇپ، دەپنە قىلىش ۋە نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا جەمئىي ئۈچ يۈز يۈەنلا سەرپ قىلىنغان. تۇپراق بېشىدا مەرھۇمنىڭ ۋەسىيەتنامىسى جامائەتكە ئوقۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن تۇپراق بېشىغا كەلگەن بەش-ئالتە مىڭ جامائەت ئوسمان شاھ ھاجىمنىڭ بۇ خىل ئېسىل پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن.

شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ئايشەم ھاجى بۇلتۇر 10-ئاينىڭ 29-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەرھۇمەنىڭ ھايات (ئاخىرى 46-بەتتە)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ، خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى

1996-يىل 12-ئايدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ما يۈەن (ئايال)، ما فىنشياۋ، ما يۈەن، ما باۋجىن قارىيلارنى ئەۋەتىپ، مالايشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن 38-نۆۋەتلىك ۋە ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن 13-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى. مالايشىيا خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدا، جەمئىيىتىمىز ئەۋەتكەن ئايال قارىي ما يۈەن ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە يەتتىنچىلىكنى ئېلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئىككى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى داۋامىدا، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇسابىقىغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللەر قارىيلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ مۇسابىقە ئەھۋالىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى.

(ئىمادىددىن)

## شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە شىخەنزە رايونىدىكى دىنىي زاتلارنى ئاساس قىلىپ 21 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 1996-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەدسەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپ مالىك مىيان قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئەھۋالىنى، شۇنداقلا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەم جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قىزغىن ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى. سۆھبەتتىن كېيىن ئۆمەك ئەزالىرى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاخىردا جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(مەھمۇدى)

## ئىلى ۋىلايىتى ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

ئىلى ۋىلايىتى ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1996-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى 99 ۋەكىل (39 نەپەر ئۇيغۇر، 31 نەپەر قازاق، 21 نەپەر خۇيزۇ، بىر نەپەر ئۆزبېك، ئىككى نەپەر قىرغىز، بىر نەپەر تاتار، ئۈچ نەپەر دۇڭشياڭ، بىر نەپەر سالار) يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر 1-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن ئىلى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامەسىنى ماقۇللىدى، سايلام ئارقىلىق 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك بەنزىسەنى سايلاپ چىقتى. قادىرجان قارىي ھاجى (ئۇيغۇر) يەنە بىر نۆۋەت رەئىس بولۇپ سايلاندى. تۇرسۇنجان ئارۇنبېك (قازاق)، مايۈلىن (خۇيزۇ)، ئابدۇرەشىت قارىي ھاجى (ئۇيغۇر)، نۇرجاقىپ (قازاق) لار مۇئاۋىن رەئىس، ئىبراھىم ھەسەن (ئۇيغۇر) باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

(سۈي جۇنجې)

## ئاقسۇ كونىشەھەردە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1996-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر بازار، توققۇز يېزا ۋە ئون دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 106 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى فۇ جىنكوي، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئەكبەر غوپۇرلار قاتنىشىپ، يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چاڭ جەنشىن، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇخالىق قادىر ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەسئەت سېيىتلار يىغىنغا باشتىن ئاخىر قاتنىشىپ، يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇنىياز قادىرنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 43 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 13 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىر رەئىس، تۆت مۇئاۋىن رەئىستىن تەركىب تاپقان يېڭى بىر نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى، يىغىن قارارى، يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ پۈتۈن ناھىيىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسى قاتارلىق قارالمىلىرى قاراپ چىقىلىپ، مۇزاكىرە قىلىنىدى ھەم بىردەك ماقۇللاندى.

(دايىم داۋۇت)

## قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيەنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش كۈنى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارغا دائىر نىزام-بەلگىلىمىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلدى، بۇ قانۇن-نىزاملارنى ئۈچ مىڭ پارچە باستۇرۇپ مەسچىت تاملىرىغا چاپلىدى، 16 قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىپ، بۇ قانۇن-نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى، 35 مەيدان لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ مىڭ ئادەم قېتىم تايانچ تەربىيىلىدى، 38 مىڭ ئادەم قېتىم بۇ لېكسىيىنى ئاڭلىدى. بۇ ئارقىلىق كەڭ دىنىي زاتلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرگە ھەرقايسى يېزا، بازارلارغا بېرىپ، دىنىي ۋەزىپە ئۆتكۈچىلەردىن دىنىي بىلىم ۋە سىياسىي، كەسپىي لاياقىتىنى تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىكلىرىنى قايتا گۇۋاھنامە تارقىتىپ دىنىي ۋەزىپىگە قويدى، بۇقېتىمقى تەكشۈرۈشتە 45 پىرسەنت دىنىي زاتنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جىددىي تەييارلىق قىلىپ، 1996-يىل 10-ئايغىچە ئۈچ ئاي ۋە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن بەش قارار كۇرس ئېچىپ، دىنىي بىلىم تۆۋەن 330 نەپەر كىشىنى دىنىي جەھەتتە تەربىيىلىدى. 150 نەپەر ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەپ، چەت، يىراق يېزا-بازارلاردىكى مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

دىنىي زاتلارنى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇش ۋە ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا پائال يېتەكلىدى. نەتىجىدە ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان دىنىي زات ئائىلىسى 201گە، يولغا قويغان تۈر 21گە، بۇ تۈرلەردىن قىلغان كىرىم 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساپ كىرىمنى كىشى بېشىغا ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات ئائىلىسى 138گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 91 دىنىي زات ئائىلىسى ئون مىڭ يۈەنلىك، ئون مىڭ جىڭلىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. 38 دىنىي زات ئائىلىسى مىنبۇس، چوڭ ماشىنا سېتىۋېلىپ، كىراغا سېلىپ كىرىمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. 18 دىنىي زات ئائىلىسى ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، شال زاۋۇتى، ياغاچ زاۋۇتى قۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇلار باي بولغاندىن كېيىن سېخىي قولىنى نامرات، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە سۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. نامرات، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە مىڭ قۇر كىيىم-كېچەك، 63 مىڭ 400 جىڭ ئاشلىق، 40 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 20 تۇياق قوي ياردەم قىلدى، 500 ئادەم قېتىم ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 310مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى، تۆت نەپەر دىنىي زات مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. بىر نەپەر دىنىي زات كەنت مەدەنىيەت پونكىتىغا ئىككى دانە 18 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ئېلىپ بېرىپ، كەنت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قوللىدى. ئۈچ نەپەر دىنىي زات مەرھۇم ھەمدۇللا قارىينىڭ سەككىز مىڭ يۈەن بانكا

ۋە شەخسىي قەرزىنى تۆلەپ، مەرھۇمنىڭ ئاجىزەسى ۋە بالا-چاقىلىرىنى غەمدىن خالاس قىلدى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە دىنىي ساھەدىكىلەرنى ”قوش بەشتە ياخشى“ بولۇش ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كۆكەرتىش، ئۆزىنى ئۆزى قامداشقا سەپەرۋەر قىلدى. نەتىجىدە ناھىيە بويىچە ”بەشتە ياخشى“ مەسچىت 138گە، ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زات 163كە يەتتى. دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مەسچىت ئىچى ۋە ئەتراپىغا 60 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، مەسچىتنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامدىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. بازارلارغا جايلاشقان بىر قىسىم مەسچىتلەر ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەسچىت ئەتراپىغا دۇكان، سەرراپ قۇرۇپ ھەم تۈرلۈك مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى يولغا قويۇپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك ئېتىقادچى ئاممىغا سېلىق سېلىش ئىشلىرىغا خاتىمە بەردى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرگە ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقتى؛ تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ 88 ئورۇندىكى مەسچىتنى رېمونت قىلىشقا، 34 ئورۇندىكى خەتەرلىك بولۇپ قالغان مەسچىتنى قايتا ياساشقا، 24 ئورۇندىكى شور، زەي ۋە ئاھالە رايونىدىن يىراق مەسچىتنىڭ ئورنىنى مۇۋاپىق جايغا يۆتكەپ ياساشقا ئىجازەت بەردى.

ناھىيە ئىچىدىكى چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ مۇستەھەپخانا، تەرەتخانا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. مەسچىتلەرگە تەۋە ۋەخپە ئۆي، دۇكانلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجارىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ ۋە ئىجارە پۇلىنى ۋاقتىدا يىغىپ كىرىمىنى كۆپەيتتى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كىرىم-چىقىمىنى ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلىپ، كەڭ جائامەتچىلىكنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى.

توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغنى ئاددىي-ساددا قىلىشنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا سازاۋەر بولدى. نەتىجىدە ئىككى يىلدىن بېرى نەزىر-چىراغ ئىشلىرى خالىس قىلىندى. توي-تۆكۈنلەرنىڭ 60-70پىرسەنتى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن بۇ جەمئىيەت كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە بۇ جەمئىيەت قوشنا ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ، ھەر يىلى ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىپ كەلمەكتە.

(ياقۇپ ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 7-قارارلىق ئاخۇنلار كۇرسى ئوقۇش تاماملىدى

1996-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 7-قارارلىق ئاخۇنلار كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن هاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نۇئمان ما شيەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس ۋە ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىدىكى بارلىق تالىپلار ھەم ئىنستىتۇتنىڭ ئۇستاز-خىزمەتچىلىرى قاتناشتى. مۇراسىم جەريانىدا، كۇرسانتلار ۋەز ئېيتىش، قىرائەت قىلىش، ئەرەبچە نۇتۇق سۆزلەش، ئىسلام خەتتاتلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى ئىپادىلىدى، مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ئۇستازلارنىڭ جاپالىق ئەجىرىگە تەشەككۈر بىلدۈردى.

بۇ كۇرستىكى كۇرسانتلار جەمئىي 31 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ۋەزىپىدىكى ياش ئاخۇنلار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 28 ياش، ئۇلار شىنجاڭ، يۈننەن قاتارلىق 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن، بۇ قارارلىق كۇرسانتلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، دىنىي بىلىم ساپاسى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا قېتىقىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئىنستىتۇت رەھبەرلىكى ئۇلارنىڭ يېرىم يىللىق ئوقۇش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپرەك بىلىم ئىگەللىۋېلىشى ئۈچۈن، ئىخچام ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئومۇمىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، بىرقاتار مەخسۇس لېكسىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئومۇمىي دەرسلەردىن «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى، ھەدىس شەرىپ بىلىملىرى، ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە، ئىسلام تارىخى، فىقھە، تەجۋىد، ئەرەبچە خەتتاتلىق ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەت، مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملار ۋە 6-ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلدى. بولۇپمۇ ھەر جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق كۇرسانتلارنىڭ بىلىم نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئۇلار يەنە بىرقاتار ئەھمىيەتلىك ئورۇنلار ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېقىن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلار مەھەللىسىگە بېرىپ، قېرى-چۈرىلەردىن ھال سوراپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە مەسچىت تازىلىقى ئەمگىكىگە قاتنىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۆگىنىشكە ماسلاشتۇرۇپ، شىجياجۇاڭ شەھىرىدىكى مەسچىتلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گە بېرىپ، پراكتىكا-ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەر ئارقىلىق كۇرسانتلارنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە پىكىر يولى كېڭىيىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دىننى سۆيۈش ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيتىلدى.

مۇراسىم ئاخىرىدا، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن سۆزلەپ، كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردىن كۈتىدىغان بىرقانچە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەھبەرلەر ۋە كۇرسانتلار خاتىرە ئۈچۈن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

(مەھمۇدى)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش مەركىزىي بىناسى پۈتتى

1996-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش مەركىزىي بىناسى قەشقەر ساقىيە مەدرىسى ئورنىدا قەد كۆتەردى.

بۇ يىل قەشقەر ۋىلايىتى قەدىمكى ساقىيە مەدرىسى، ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئورنىغا ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش مەركىزىي بىناسى سېلىشنى تەستىقلىغانىدى. قەشقەر شەھەرلىك چاسا قۇرۇلۇش شىركىتى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى بۇ قۇرۇلۇشقا سان ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا ئىش باشلاپ، 11-ئاينىڭ 20-كۈنى پۈتتۈرۈپ، ئىشلىتىشكە رەسمىي تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ قۇرۇلۇشقا يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماق 300 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقاردى.

مەكتەپ بىناسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 921 كۋادرات مېتىر، جەمئىي ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئۈچ سىنىپ، ئالتە ئىشخانا، سەككىز ياتاق ئۆيى، ئالتە ماشىنا ئۆيى، زامانىۋى مۇنچا، مۇستەھەبخانا ۋە خالادىن تەركىب تاپتى، ماشىنا ئۆيى كىرا ماشىنىلىرىغا ئىجارىگە بېرىلدى، بىنانىڭ ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇق ئورنىتىلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھازىر يەنە قەشقەر شەھىرىدە ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇشىنى سېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلماقتا.

(ياقۇپ ھاجى)

## بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 2-قېتىملىق ”قوش بەشتە ياخشى“لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ 2-قېتىملىق ”قوش بەشتە ياخشى“ لارنى تەقدىرلەش يىغىنى 1996-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى بايىنغولىن مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىنغا ئوبلاستىتىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى

بىرلىك سەپ، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ”بەشتە ياخشى دىنىي زات“، ”بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى“ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، 120 دىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى. ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەخمەت قاسىم، ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ جيۇڭ ۋە بەش چوڭ بەنزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يولداش ئەخمەت قاسىم بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆز قىلىپ، ئوبلاستىمىزدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆتكەندىكى خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ لەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوبلاستىمىزدىكى كەڭ دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك، مۇقىم بولغان بايىنغولىننى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاخىردا 51 ”بەشتە ياخشى دىنىي زات“، 30 ”بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى“ ۋەكىللىرى ماددىي بۇيۇملار بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇكاپاتلاندى.

يىغىندا يەنە بۇگۈر، قارا شەھەر، باغراش قاتارلىق ناھىيىلەر تۇرلۇك تېمىلاردا ئايرىم-ئايرىم تەجرىبە تونۇشتۇردى.

(ئەكبەر ئابلىمىت)

## تۇرپان ۋىلايىتى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش چارىسى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇ ۋىلايەتنىڭ تىزىملاش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش نىسبىتى 96.8 پىرسەنتكە يەتتى.

يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايەت ۋە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، قاتلامىمۇقاتلام بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر)لىك بىرلىك سەپ ۋە مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى تارماقلىرى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش جەزمەن ئۆتەشكە تېگىشلىك قانۇنىي رەسمىيەت ئىكەنلىكىنى كەڭ تۇردە تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۇردى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزا (بازالار) تىزىملاش خىزمىتى خادىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا تەشكىللەپ، 1158 ئادەم قېتىم تەربىيىلىدى. تۇرلۇك سەپەرۋەرلىك ۋە سۆھ-

بەت يىغىنلىرىدىن 482 نۆۋەت ئېچىلىپ، قاتناشقان ئادەم 28 مىڭ 865 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. مەسچىتلەردە «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى»، «دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش گورۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «مەسچىتلەرنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى» ۋە «دىنىي زاتلارنىڭ رۇخسەت سوراش تۈزۈمى» قاتارلىق بىر قاتار باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ئۆتكەن يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە شەرتى توشقان 898 مەسچىتنى تىزىمغا ئېلىپ، ئۇلارغا «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىمغا ئېلىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلگەن مەسچىتلەر ئىچىدە 711 نەپەر ئىمام، 158 نەپەر دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش گورۇپپىسى ئەزاسى قانۇن ۋە كىلللىكنى ئۈستىگە ئالدى. تىزىملاش خىزمىتى جەريانىدا بۇ مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش گورۇپپىسى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە مەسچىتلەرنىڭ 56 مىڭ يۈەن مەبلىغى، 2242 ئېغىز ئۆيى، 3925 پارچە گىلەم، 7860 پارچە يۇڭ ئەديال، 10مىڭ 775 پارچە تىۋىتلىك گىلەم، 8164 پارچە كىگىز، 46مو باغ ئورمىنى بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ھەرقايسى يېزا (بازار) لار بۇ قېتىمقى تىزىملاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، "بەشتە ياخشى" 112 مەسچىت ۋە "بەشتە ياخشى" 170 نەپەر دىنىي زاتنى باھالاپ چىقىپ مۇكاپاتلىدى.

(شاھمەردان)

## سانجى ئوبلاستىدا دىنىي خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە "بەشتە ياخشى" مەسچىت، دىنىي سورۇنلار مۇكاپاتلاندى

پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دىنىي خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەپ، دىنىي سورۇنلارنى ياخشى باشقۇردى. نەتىجىدە كۆپلىگەن ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

نەتىجىلەرنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈش، ئىلغارلار ئارقىلىق كەينىدىكىلەرنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن ئوبلاستلىق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۆتكەن يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوبلاست بويىچە، دىنىي خىزمەت ۋە دىنىي سورۇنلاردىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 1991-يىلى ئېچىلغان ئوبلاست بويىچە تۇنجى قېتىملىق "بەشتە ياخشى ئورۇن" ۋە "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لار مۇكاپاتلاش يىغىنىدىن بۇيانقى بەش يىللىق خىزمەت ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دىنىي سورۇنلارنى تىزىملاپ رەتكە سېلىش خىزمەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن فۇكاڭ، جىمسار، مىچۈەن، سانجى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گومۇدى بازىرىغا قاراشلىق شىسەنخۇ

كەنت مەسچىتى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسىغا قاراشلىق دانەنگۇ قازاق مەسچىتى، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ كارىز يېزىسىدىكى 3-كەنت مەسچىتى قاتارلىق "بەشتە ياخشى" 30 دىنىي سورۇن، ما جېڭجۇڭ داموللا ھاجى، ئەبەيدۇللا قارىي ھاجى قاتارلىق 28 "بەشتە ياخشى" دىنىي زات ۋە تۇرسۇن نامەت، ما دې قاتارلىق 12 نەپەر مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى تەقدىرنامە ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. يىغىن جەريانىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گۇمۇدى بازىرىغا قاراشلىق شىسەنخۇ كەنت مەسچىتىنى ۋە مەسچىت باشقۇرغان كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش، كارخانا قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى، شۇنداقلا، بۇ مەسچىتنىڭ ئۆزىگە تەۋە بوش يەرلىرىگە قەۋەتلىك بىنا سېلىپ، ئۇنى 24 ئائىلىگە ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق كىرىم قىلغان، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇپ، يېزا-شەھەر ئاھالىلىرىنى يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن، قاتتىق كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان فۇكاڭ خەلقىغە ئىككى مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان، ئۆز ئىشىغا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ساقچىلاردىن بەش يۈز يۈەن پۇل ۋە نۇرغۇن ماددىي ئەشيالار بىلەن ھال سورىغان ئىش ئىزلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

(ئابلىمىت قۇربان ھاجى)

## ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك نىزام-بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ناھىيىدە 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللىي، دىنىي خىزمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 20 يېزا-مەيدانلاردىمۇ 134 نەپەر كىشىدىن ۋە 136 كەنت-مەھەللىدە 482 كىشىدىن تەركىب تاپقان دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 354 مەسچىتتە دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى 1221گە يەتتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، 354 مەسچىت-خانىقاغا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش گۇۋاھنامىسى، 354 كىشىگە قانۇنىي ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ ناھىيىدە ھەپتىدە بىر كۈن، يېزىلاردا ئايدا بىر قېتىم مۇقىم ھالدىكى كوللېكتىپ ئۆگىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي زاتلار ئارىسىدا ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. ناھىيە بويىچە دىنىي ئىشلار ساھەسىدە "قوش بەشتە ياخشى"لارنى

باھالاپ تەقدىرلەش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، 46 مەسچىت، 98 نەپەر دىنىي زات ”بەشتە ياخشى“ بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيە ۋە يېزا، مەيدانلار تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. ناھىيە بازىرىدىكى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، چوڭ خانىقانىڭ خاتىپى ئالىم قارىي ھاجىم باشچىلىقىدىكى دىنىي زاتلار 1996-يىلى قىش كىرگەندىن كېيىن مەسچىت جامائەتلىرىنى يېتەكلەپ، خالىسانە 5546 يۈەن نەق پۇل، 1025 كىلوگرام ئۇن، 135 كىلوگرام قوي گۆشى، 16 توننا كۆمۈر، 800 يۇرۇش ھەر خىل كىيىم-كېچەك، 45 مېتىر رەخت ۋە 260 دانە زاسۇي، كاللا-پاقالچەك تەييارلاپ ”بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە“ ۋە قېرى، ئاجىز، مېيىپلارنى، نامرات ئائىلىلەرنى يوقلاپ، ھال سوراپ، ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى.

ھازىر بۇ ناھىيە 1996-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاپ، 1997-يىللىق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

(دايىم داۋۇت)

## قورغاس ناھىيىلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارار تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى

ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەخلاقلىق ۋە بىلىملىك دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، قورغاس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1993-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، دۇڭشياڭ مىللەتلىرىدىن، مەلۇم پەننىي بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئاتمىش نەپەر ياشنى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، 11-ئاينىڭ 6-كۈنى بەش نۇقتىغا بۆلۈپ تەسىس قىلىنغان ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىدە ئوقۇش باشلىۋەتكەندى.

مەكتەپنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىنىڭ مەسئۇللۇقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە قوللىشى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقلاپ بېكىتىشى ئارقىلىق بىلىملىك مۇدەررىسلەر سەپلەندى. ئوقۇتۇش مەركىزى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇن ماددىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى بېكىتىلدى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار دىنىي بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن پەرقلىق ھالدا سىنىپلارغا ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «تەپسىر جالالى»، «مىشكات»، «ھىدايەتۇل نەھۋى» «تەسھىلۇل زورۇزى»، «بىدان سەرپ»، «ئەقائىد كىتاب»، «مۇختەسەر باقائى»، «ئىبادە ئىسلامىيە» «تەجۋىد قىرائەت» قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى.

ئۈچ يىللىق ئوقۇش-ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇدەررىسلەرنىڭ ئەستايىدىل، قېتىقىنىپ ئۆگىتىشى، تالىپلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىشى بىلەن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ھەر مەۋسۈمدە بىر قېتىم

سىناق ئىمتىھانى ئېلىنىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى.

ئۈچ يىل جەريانىدا تالىپلار ئۆگىنىش، ئەخلاق، تەشكىلىي تۈزۈم ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىن كۆپ قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك باھالىنىپ، ئىلغارلار تەقدىرلەندى.

ھەر يىلى بىر نۆۋەت ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىنىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش قولغا كەلتۈرۈلدى.

دىنىي ئوقۇتۇش ئورنىنىڭ تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنىشى ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولغاچقا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئاممىدىن ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلىنىپ، مىڭ كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىپ، ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىگە ھەدىيە قىلدى.

ئوقۇتۇش بىناسى جايلاشقان ئورۇن— لەڭگەر يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتۇش مەركىزىگە يەر ئاجرىتىپ بەردى ۋە ئىسسىنىش شارائىتى يارىتىپ بەردى. يەرلىك مۇسۇلمانلار كالا، قوي، ئاشلىق، ماي ئىئانە قىلدى. يەرلىك بىلەن قوشنا بولغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4-دىۋىزىيىسى ماددىي جەھەتتىن زور ياردەم كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قاراشلىق ھەرقايسى تۈەن-مەيدانلاردىن ئەۋەتىلگەن مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ۋەكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلدى.

رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى، مۇدەررىسلەرنىڭ قېتىرقىنىپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى، تالىپلارنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 85 پىرسەنتكە يېتىپ، تالىپلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بىرەر مەسچىتنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش لاياقىتىگە ئىگە بولدى.

1996-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى تۇنجى قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. مۇراسىمغا ئىلى ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، بىڭتۇەن 4-دىۋىزىيىنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاممىنىڭ ۋەكىلى، ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى ۋە تالىپلار بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، ئوقۇش-ئوقۇتۇش جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇدەررىس ۋە تالىپلاردىن ئون كىشى مۇكاپاتلاندى.

(ئۆمەر مافاڭ)

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى
**شەمشىدىن ھاجى، رىشت ۋاھىدى ۋە ئەنۋەر مۇھەممەتلەر ئىشلىدى.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## قەشقەر ۋىلايىتى 1997-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

قەشقەر ۋىلايىتى 1997-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ ۋىلايەت ئالدى بىلەن ئۆتكەن يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچى ئاساسىدا 1996-يىل 10-ئايدا مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، 1997-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇدى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزگە چۈشۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچ بويىچە تۈرمۇش پۇلى ئالىدىغان دىنىي زاتلار، جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ خاتىپلىرى، جۈمە، باندات مەسچىتلىرى بىر نۇسخا مۇشتەرى بولۇش، كەسپىي تارماق كادىرلىرى بىر نۇسخا مۇشتەرى بولۇش ۋە جەمئىيەتتىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق 12-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە جەمئىي يەتتە مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، بۇلتۇرقىدىن مىڭ نۇسخا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. نۆۋەتتە بۇ ژۇرنال قەشقەر ۋىلايىتىدە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى قىزغىن مۇشتەرى بولىدىغان ھەم سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال بولۇپ قالدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنى يېقىندىن قوللاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرگە مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇقتۇرۇشنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن بۇيان ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى بىلەن ژۇرنالنىڭ 1996-يىللىق سانىغا تۆت مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلانغانىدى، 1997-يىلىغا قارىتا ئالتە مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، شايار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ مۇشتەرى سانى نىسبەتەن كۆپ بولدى.

بۇ ژۇرنال هازىر ئامما تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشمەكتە، جايلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ مۇشتەرى توپلاشقا تىرىشماقتا.

(ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى.)

## پىچان ناھىيىسىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئاكتىپ مۇشتەرى بولماقتا

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 1996-يىلى ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پىچان ناھىيىسىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە بۇ ژۇرنالنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

1996-يىلى ژۇرنالنىڭ 1-سانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ژۇرنالغا 1500 مۇشتەرى توپلانغانىدى. مۇشتەرىلەر 1-سانىدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت مول مەزمۇنلۇق بىلىملەردىن بەھرىلىنىپ ناھايىتى زوقلاندى، ژۇرنالنىڭ 2-، 3-سانى كەلگەندىن كېيىن مۇشتەرىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ 2500 گە يەتتى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىگە مەخسۇس بىر كىشىنى باشتىن ئاخىر مەسئۇل قىلدى ھەمدە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەزالىرى بۇ ژۇرنالغا باشلامچىلىق بىلەن مۇشتەرى بولدى. ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى ئاخۇن، خاتىپ، ئىماملار ھەرقايسى يېزا-بازاردىكى مىللىي، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل كادىرلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا مۇشتەرى توپلاشقا بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى.

پىچان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رەجەپ ئاخۇن ھاجىم ئۆزى مىڭ مۇشتەرى توپلىدى، مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەقىپ داموللا ھاجىم ئۈچ يۈز مۇشتەرى توپلىدى ھەمدە تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا بۇ ژۇرنالنىڭ ھەقىقەتەن كەڭ دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىش باغچىسى، مەدەنىيەت، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ كەڭ سەھنىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تونۇتۇپ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ياخشى تەشۋىقاتچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

ھازىر بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش جەريانىدا ناھىيە، يېزا-بازار ۋە مەسچىتلەر ئارا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر تور شەكىللىنىپ، بۇ ژۇرنالنىڭ مۇشتەرىلىرى ئۈچ مىڭدىن ئاشتى.

(ئەمەت ئېزىز، غوپۇر مەتنياز)

## ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگوچە مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى ئۆتكەن يىلى بۇ ژۇرنالغا بىر توركۇم مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش قىزغىنلىقى ئاشقانىدى.

ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ ژۇرنالنىڭ 1997-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيىدىكى بارلىق مەسچىت-خانىقالار، ئىمام-مەزىنلەر ۋە باشقا كەڭ مۇسۇلمانلارنى بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. نەتىجىدە بۇ ژۇرنالنى كۆرۈپ زوقلانغان ئاما كۆپلەپ مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىنلىق بىلەن تەلەپ قىلدى ھەم مۇشتەرى بولۇش پۇلىنى بەس-بەستە تاپشۇردى، شۇنداق قىلىپ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق سانلىرىغا جەمئىي 1200 مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىپ، ۋىلايەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندىكى ناھىيىلەر قاتارىغا ئۆتتى.

(دايىم داۋۇت)

# ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىر يىلدىن بۇيان، كۆپلىگەن ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ژۇرنىلىمىزنى ئاكتىپ قوللاپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى، بۇ ماقالىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەتكەن بولساقمۇ، يەنە بىرمۇنچە ماقالىلەر ئەسلىدىكى تەلەپكە ئانچە لايىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشلىتەلمىدۇق.شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندە بۇ جەھەتتىكى بەزى تەلەپلەرنى قايتىدىن ئاپتورلار سەمىگە سېلىپ ئۆتمەكچىمىز:

**بىرىنچى، قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالە مەزمۇنى**

1. ھەرقايسى جايلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى.

2. ئىسلام ئەقىدىلىرى، دىنىي ئەھكاملار، شەرىئەت، دىنىي كىتابلار، ۋەز-تەبلىغ، ئىسلام دىنى تارىخى (جۇملىدىن يەرلىك ئىسلام دىنى تارىخى) ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرى.

3. مەشھۇر مەسچىت-مەدرىسلەر، ئىسلام دىنىغا ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ئاسارئەتىقىلەر.

4. مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي، دىنىي، ئىجتىمائىي تۆھپىلىرى.

5. ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى، ئەخلاق-پەزىلەت ئۇقتىسىنەزەرلىرىنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىق تۇرمۇشلىرىغا بولغان تەسىرى.

6. مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرى.

7. ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلارغا

مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر.

8. ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشلەر.

9. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، ھەدىس شەرىپلەر پۈتۈلگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئىجتىمائىي تەشەببۇس، ئەخلاق-پەزىلەتكە دائىر ھېكمەتلەر، ماقال-تەمسىللەر ئىپادىلەنگەن ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ھۆسن خەتلەر.

10. ژۇرنىلىمىز مەزمۇنلىرىغا ماس كېلىدىغان رەڭلىك ۋە رەڭسىز سۈرەت ھەم سىزما رەسىملەر.

## ئىككىنچى، ماقالە توغرىسىدىكى تەلەپلەر

1. ژۇرنىلىمىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەۋەرلەردىن باشقا، پەقەت ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دائىر ماقالىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ژۇرنىلىمىز سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ساھەگە ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ماقالىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ۋە ئىسلام تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەردە، ھەرگىز بىرمۇنچە مەسىلىلەر يۈزە ئىزاھلانغان بولماستىن، چوقۇم مەلۇم بىر مەسىلە چوڭقۇر، ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇشى، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە تەپسىرلەردىن نەقىل ئېلىپ دەلىللەنگەن بولۇشى، نەقىل ئېلىنغان كىتاب ۋە نەقىل ئورنى ئېنىق ئەسكەرتىلگەن بولۇشى لازىم. تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، زۆرۈر تېپىلسا، نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەقرىز يازدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدۇ.

3. تەرجىمە ماقالىلىرىنى ئومۇمەن ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرىمىز. تەكرار تەرجىمە قىلىنىپ، بىھۇدە مېھنەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە ماقالە ئەۋەتىش ئارزۇسىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئالدى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماقۇللۇقنى ئالغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىشىنى، تەرجىمە ماقالىسى بىلەن ئەسلى يېزىقتىكى ماقالىنى قوشۇپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

4. ماقالە، ھۆسن خەت، ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەسلى قول يازما نۇسخىسى ئەۋەتىلىشى كېرەك، نۇسخىئالغۇدا كۆپەيتىپ بېسىپ، ئەۋەتىلگەن نۇسخىسى ژۇرنالدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. بىر ماقالىنى ئىككى ئورۇنغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر، ژۇرنالدا ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدۇ، شۇڭا، بىر نۇسخىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قېلىشى لازىم.

6. ئەۋەتىلىدىغان چوڭراق ماقالىلەر ئادەتتە ژۇرنىلىمىزدا تۆت بەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ماقالە قەغىزىگە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئېنىق يېزىلىشى، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلىرى ئوچۇق بولۇشى لازىم.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىدۇ.


ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي. ئامىن!

**ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:**


1. بېيجىڭ شەھىرىدىن: تۇرسۇن رەھىم 20يۈەن.
2. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: خالىس ئىئانىچى 500يۈەن.
3. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: خوجائابدۇلا قارىي ھاجى 115يۈەن.
4. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: خاسىيەت 50يۈەن.
5. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: دەريا ھەسەن 21يۈەن.
6. قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىدىن: رەۋشخان ھاجى 100يۈەن.
7. غۇلجا ناھىيىسىدىن: ئۆمەرجان مۇسا 50 يۈەن.
8. شايار ناھىيىسىدىن: ئۆمەر قادىر 100يۈەن.
9. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن: مۇھەممەد سالىھ قارىي ھاجى 100يۈەن.
10. مەكىت ناھىيىسىدىن: بۈۋى ھەجەر ئەمەت 100يۈەن.
11. پوسكام ناھىيە كۆيئاغ نېفىت شىركىتىدىن: تۇنىساگۈل 50يۈەن.
12. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ھاجى ئابدۇرېھىم ئىمىن 51يۈەن.
13. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: مالىك مىيان 69يۈەن.
14. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: شەمشىنۇرھۇشۇر 50يۈەن.
15. چەرچەن ناھىيىسىدىن: ئابلەت قارىي 50يۈەن.

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلىنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. مىڭ يۈەن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى "شەرەپلىك مۇشتەرىلەر" سەھىپىسىدىن بىر يىلغىچە ئورۇن ئالىدۇ ۋە بىر يىللىق ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز


«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.




باينغولىن ئوبلاستى رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار ئوبلاست بويىچە ”قوش بەشتە ياخشى“دىنىي زاتلار ۋە ۋەكىللەر بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.







www.uyghurkitap.com



## تۇمار قۇرئان

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدا «دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دېگەن ماۋزۇدا دۇنيادا ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دەپ نام ئالغان بىرقانچە كىچىك قۇرئاننى تونۇشتۇرغان ۋە ئاخىرىدا ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» جۇڭگونىڭ نەنجىڭ شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق 92 ياشلىق خۇيزۇ بوۋاي ۋۇ بىگۇڭ 1933-يىلى قەشقەردە قولغا چۈشۈرۈپ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئېغىرلىقى 5.2 گرام، ئۇزۇنلۇقى 2.75 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر كېلىدىغان «قۇرئان كەرىم» ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەنىدۇق. بىقىندا، خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسىدىكى چىش دوختۇرى يۈسۈپجان ئابدۇغېنى بۇ خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىدىمۇ ئاشۇنداق كىچىك بىر تۇمار «قۇرئان كەرىم» نىڭ بارلىقىدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇردى، 1996-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى بىز يۈسۈپجان دوختۇر بىلەن بۇ ھەقتە ھەمسۆھبەت بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق ھەم بۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ، تارازىلاپ كۆردۇق. شۇنداقلا، بۇ «قۇرئان كەرىم» نى يۈسۈپجان دوختۇرنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ تۇرۇپ يۇقىرىدىكى سۈرەتنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇ «قۇرئان كەرىم» سىرتى ۋە ئىچىگە ئەرەبچە نەقىش ئىشلەنگەن، كۈمۈش ھەل بېرىلگەن تۆمۈر قۇتا ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ، قۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتىر كېلىدىكەن، قۇتا ياپقۇچىغا بىر تىنىقلىق تەڭگە پۇلدىنمۇ كىچىكرەك كېلىدىغان لوپا ئەينەك ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ لوپا ئەينەكتە ئايەتلەرنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن ناھايىتى ئېنىق ئوقۇغىلى بولىدىكەن. قۇتا ئىچىگە سېلىنغان «قۇرئان كەرىم» پاتلانغان سۆسۈن رەڭلىك قەغەزدە مۇقاۋىلانغان بولۇپ، 30 پارە، 114 سۈرە، 6200 دىن ئارتۇق ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەبچە مۇكەممەل «قۇرئان كەرىم» ئىكەن. ئۇنىڭ چۆرىسىگە بېرىلگەن ئالتۇن ھەل ھېلىمۇ پارقىراپ تۇرۇپتۇ، بۇ «قۇرئان كەرىم» ئاخىرىدىكى تۆت بەتكە تۇرلۇك دۇئا ۋە ھەمدۇسانالار بېرىلىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىغا ئون ئۆلىمانىڭ مۆھۈرى بېسىلىپتۇ.

تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ تۇمار قۇرئان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەڭ كىچىك قۇرئاندىنمۇ كىچىك ھەم يەڭگىل ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.2 گرام بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان كىچىك «قۇرئان كەرىم» لەر ئىچىدە ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» ئىكەن.

بۇ تۇمار قۇرئاننى بۇنىڭدىن 16 يىل ئىلگىرى يۈسۈپجان دوختۇرنىڭ ئۇستازى قارىقاش ناھىيىسىدىكى چىش دوختۇرى ئابدۇخېۋىر ئاخۇن ئۆزىنىڭ شاگىرتى يۈسۈپجانغا ھەدىيە قىلغانىكەن. ئابدۇخېۋىر ئاخۇن كىتابخۇمار، ئەھمىيەتلىك كىتابلارنى يىغىپ ساقلاشقا خۇشتار ئادەم بولۇپ، بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ تۇمار قۇرئاننى بىر كىتابپۇرۇشتىن سېتىۋالغانىكەن.

ئادەتتە نامىزنى قازا قىلماي، تاھارىتىنى سۇندۇرماي، پاكىز يۈرۈيدىغان يۈسۈپجان دوختۇر بۇ «قۇرئان كەرىم» نى يېنىدىن ئايرىماي ئاززۇلاپ ساقلايدىكەن ۋە بويىنىغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ يۈرۈيدىكەن.

(مەھمۇدى)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1997-يىل 1-سان (ئومۇمىي 42-سان)

中国穆斯林(维吾尔文版)1997 年第一期(总 42 期)

ISSN 1007-5836

刊号: ISSN 1007—5836 / CN 11—1346/B

ژۇرنالنىڭ: خەلقئارالىق نومۇرى ISSN 1007—5836 / دۆلەت ئىچى نومۇرى CN 11—1346/B

公开发行　定价:3.00 元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 3يۈەن